دېپ ئاتالا. زور شەيخلەرنىڭ مەغەشى يىگىرمە داردان①
كىچىك شەيخلەرنىڭ ھەر بىرسى ئون داردان بۇغداي
ئالا. بۇرۇندان ئارتىپ ئۇشى تەرتىپتە كېلگەن.

ساخىپ تەكبىر ئەفەندىنىڭ قولىدا بۇرۇنقى تەۋەل-
لىيەلەرى (ئىسبات نامىسى) بار ئىكەن. خىتاي مەئمۇر-
لەرى كېلدۇدەن بۇرۇنقى خانلارى بېرگەن. مۇھۇرلى
غىنۋان نامەنىڭ بىرسى ھىجرىينىڭ 924 - يىلىندا، يەنە
بىرسى 1067 - يىلىندا يازىلغان. بىك ئىسكىرىپ كېتكەن-
گە بوز بىلەن ئاستارلاپ ساقلانغان. ئانى كىشىلەرگە
ئوڭاي كۆرسەتمەس ئىكەن. مىن كىشى ئارقىلى ئالىپ
ئوقىپ كۆردىم. ھەم نىگىزگى نۇسخەسىندەن بىر خەرىق
ئارتىدىرمى، كىممىتمي خەتتە بەغزى نۇقتەلەرى ئۆچكەن
خەرىفلەرىندە ئۆز بويىنچە نۇقتەسىز قىلىپ كۆچىرىپ
ئالدىم.

نۇسخە تۆبەندەگىچە:

ئەبۇلمۇزەففەر سولتان مەنسۇرخان سۆزىم ئاكابىر
ۋە ئاھالى ۋە سادات ۋە قوززات ۋە مۇتەۋەتتىنان بەل-
دەئى تۇرفانغا ئانداغ مەئلۇم بولسۇنكىم سەيىد ئەبدۇل-
جەلىلنى تۇرفان ۋىلايەتىدە نەقىپ قىلىندى خۇسۇسەن
ھەزرەتى فەيزۇلئەنۋار ئالىپ- ئاتا قۇددۇس سىررەنىڭ
لەنگەرىنىڭ ئەۋقافى ئانىڭ تەغرىفىندا بولسۇنكىم مەھ-

---

① داردان - خەزىرگى ئۆلچەمدە تەخمىنەن 220 كىلو-
گىرام بولادى - ت

سۇلى ئەۋاقافىنى مۇسەررەفىندا سەرىق قىلغاي ھەزرە-
تى سۇلتان يۇنۇس خان سەيىد ئەبدۇسسەمىئخان ئاكام
ئەنارۇللا مەرقەدەنىڭ ھەققىدە قارا خۇجادا ئۈن تاغارلىق
بۇغداي يېرى بىر باغ ئىككى تىگۈرمەن سيۇرغال قىلغان
ئايرىبىدۇر قىرىق تاغار بۇغداي يېرى بەش پارچە
كېپەز يېرى مەزار ھەققىدە ۋەقفە يېرى دەپ تار يېر
ئىكەندۇر بىز داغى ئۇل يوسۇن بىرلە سەيىد ئەبدۇل-
جەلىلنى ھەم بۇ بىتىلگەن يېر-سۇنى تارىپ-تىكىپ تىنىچ
كۆڭۈلدە ئولتۇرۇپ دۇئا بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكەن-
كەچكەنگە ئەلى قەدەر لەۋقىت ئاش بېرىپ ئولتۇرسۇن
دېيىلدى ۋە بارچە ئولتۇرغان تۇرغان ئەرتە-كەچ
يوللۇق سۆزىنى ئېشىتىپ رىئايەت قىلغىلار قارا خوجانىڭ
بېگى دارۇغاسى تارىر يېرى سۇيىنى تىماي قىيماي
تالاش-تارتىش قىلماي ۋە مانىخ مەراسىم بولماغىلار.
سەيىد ئەبدۇلجەلىلسىن ھەم نەقىب بولدۇم دەپ ئولتۇر-
غان تۇرغان ئابدال دەرۋىش فەقىر مىسكىنگە جەۋىر-
زۇلۇم قىلماڭ يارلىغ يۇسۇندىن قۇرۇق زىرار ئىركى
سىن دەپ مۇھۇرلۇغ نىشان تارىخ توققۇز يۈز يىگىرمە
تۇرتتە قۇتلۇغ رامازان ئايىدە ئاستانادا بىتىلدى.

## نۇسخەنىڭ تەرجىمەسى

مېن ئەبۇلمۇزەففەر سولتان مەنسۇرخان، تۇرفان
شەھەرىندە تۇرغان مەنسەپ ئىيەلەرى، فۇقرا ھەم قازى-
لارغا ئاپىشۇرغان سۆزىم شۇلدۇركى: سەيدى ئەبدۇلجە-

ليلنى تۇرفان ۋىلايەتىنە بىلگىلەدىك. خۇسۇسەن خاسە-
يەتلى خەزىرەتي نۇر چەچۈچى ئالىپ-ئاتانىڭ تۇرغان
ئورنىنىڭ ۋەقفەلەرى، ئانىڭ باشقارۇۋىدا بولسىن. ۋەق-
فەلەرنىڭ كىرىملەرىن ئۆز ئورنىدا ئىشلەتسىن. خەزىرەتي
سۇلتان يۇنۇس خان سەيىد غەبدۇسسەمىخان ئاغامىز
(ياتقان ئورنى نۇرلى بولسىن) نىڭ خاقىنىدا، قارا خوجادا
ئون تاغارلىق بۇغداي جىرى. بىر باقچا، ئىككى تىگىرمەن
سىۋۇرغال قىلىپ ئايەردغان ئىكەن. قىرىق تاغار بۇغداي
جىرى، بەش پارچە كىبەز جىرى مازار ئۈچۈن ۋەقفە
جىر دىپ ئىكسىنلەر دىگەن ئىكەن. بىزدە شول قاغىدە
بويىنچا سەيىد غەبدۇلجەلىلنى ھەم يوغاردا يازىلغان
جىر-سۇنى ئىگىلەپ، تىنچ كۆڭلىدە ئوتىرىپ دۇغا بىلەن
شوغىللانىپ، ئۆتكەن-كىتكەن يولاۋچىلارغا چاماسىنچا
تاماق بىرىپ ئوزاتسىن دىدىك. بۇڭا بارلىق ئوتىرغان-
تۇرغانلار بوي سۇنىپ، ئىرتە-كىچ ئانىڭ بۇيرىغىن ئىي-
شىتىپ رىغايە قىلغىلار.

قارا غوجانىڭ بىگى ۋە دارۇغاسى: ئىگىن جىرىن،
ئاغار سۇۋىن تىيماي-توقتاتماي، تالاش-تارتىش قىلماي،
قاغىدە-رەسمەلەرگە توسقىن بولماغلار.

سەيىد غەبدۇلجەلىل سىمىندە، بۇ ئىشكە ئىيە
بولادىم دىپ ئوتىرغان-تۇرغان تىلەمچى، دەرۋىش، فەقىر-
مىسكىنگە جەبىر-زۇلىم قىلسالىڭ، يارلىق قاغىدەسىندەن
زارار تارتاسىن. — دىپ مۇھۇرلى نىشان يازىلدى. تارىخ
توغىز يۈز يىگىرمە ئۈتلى رامازان ئايى، ئاستانادا
يازىلدى.

ئاخىرقى يازۇ خەت سۇلۇس بولۇپ قول يازمانى ئوقۇپ چىقىش قىيىن بولغانلىقىدىن، مەرخۇم سۇلتان ئەخمەد خان ۋاقتىدا خەت جەلى (جەلى فورماسىدا) ئۆزگەرتكەنلەر. كۆچۈرۈلمەنىدە بۇرۇنقى تەۋەللىيەنىڭ تۆۋەن ياغىدا قوشۇپ ئىيكىسىنى بىر قەغەزگە يابىشتۇرۇلغان نۇسخەسى ئىكەن.

بۇ نۇسخە تۆۋەندىكىچە:

ئەبۇلمەساكىن سۇلتان ئەھمەدخان ئاندىغ ۋازىخ ۋە لايىخ بولسۇنكىم باستۇكەففۇلئەشفاق ئەلەلئۇممەمى مەئەدەنۇل ئەدىلى ۋەلجۇدۇ ۋەلئۇمەم جامىئۇلفەزىل ۋەل- ئىخسانەسسۇلتان زىللۇللاھۇ فالئەرز مەۋرىدىغا مۇۋافىق بولۇپ دۇئاگويلار خوشنۇدلۇغى فۇقرالار دىلجۇلۇغى پەرىشان كۆڭۈللار جەمئىيەتى ۋەيرانلار ئىمارەتكە راغىپ بولۇپ ھەر پاراكەندە ۋە بىر جامان ئۈستىگە سايائى رەفاھىيەت سالۇر ئىدىلەر خۇسۇسەن ھەزرەتى مەنسۇر خانلىقىنىڭ فايىزلىئەنۋار ھەزرەتى سۇلتان ئالىپ- ئاتا- نىڭ لەنگەرىنىڭ ئەۋقافى ۋە مەھسۇل ئەۋقافىنىڭ تەسەر- رۇفىنىڭ بارىسىدە بىرگان نىشان ئالىشانلارى ئەيتىپ ئىكەن ئانى تاپشۇرۇپ ۋەيرانلارنى تەئمىر قىلدۇرۇپ ئول نىشانىنىڭ زىلىدە بىتەيىنى بىر ھەرف نەزىيادە ۋە نەكەم نۇسخە قىلدۇردىلار تائىنكى ھەر كۆرسەۋات ئول نىشانىنىڭ ئىچىداكىنى ئوقۇپ بىلالاكە قادىر بولغاي دىپ ۋە نۇسخەتە ھازا ئىنتەھا يۇقارۇدا خەت سۇلۇس ئىلە بىتىلمىش تارىخ توقۇز يۈز يىگىرمە تۆرتدا ئولان تولمىيە نامەيى بىغىبارەتە ۋە بىتەيىنى تەھرىر ئەيلەپ

ئاخىرىنە بونى رەبىت قىلمىش. مۇھۇرىنىڭ سۆرەتى بۇدۇر (ئىمىن خان).

## يوغارداغى نوسخەنىڭ تەرجىمەسى:

ميىسكىنلەرنىڭ ئاتاسى سۇلتان ئەخمەد خاندان شوندي ئاچىق رەۋشان بىلدىرىلدى؛ شەفقەت مېھرى بىلەن قۇۋاندىرۇچى، كىشىلەرگە غەدىللىكنىڭ مەغدەنى ھىممەتلى فەزىلەتىن توپلاغان خەير - ئىخسانلى سۇلتانىمىز، جىر - يۈزىنىڭ خىمايەچىسى سىفاتىنا مۇۋافىق بولىپ، دۇغا قىلۇچىلارنىڭ قۇۋانىشى، فۇقرالارنىڭ كۆڭلىن تابىۋچى، قايغىلى، ۋەيرانلارنىڭ خەلمىنە قىزىغىپ، ھەربىر فاراكەنىد ۋە يامان ئوستىنە ياخشىلىق كۆلەڭكەسىن تۇشۇرۇچى ئىدى. خۇسۇسەن خەزرەتي مەنسۇر خانلىقنىڭ نۇرىنا تۇلغان خەزرەتي سۇلتان ئالىپ - ئاتانىڭ ئورنىنىڭ ۋەقفلەرى ۋە ئانىڭ كىرىملەرىن، باشقارۇ تۇرىندا خۇرمەتلى بۇيرىق خۇجەتلەرى بىرىلگەن ئىكەن. ئانى تاپشىرىپ، ۋەيران بولغانلارىن ياڭادان ياساتىپ، ئول بۇيرىقنىڭ مازمۇنىنا بىر خەرىف سۆزنى ئارتىق - كىم قىلمي كۆچىرگىزدىلەر. ھەربىر ئادەم بۇيرىقنىڭ مازمۇنىن ئوقىپ تۇشىنە ئالىسىن دىدى. بۇ نۇسخە ئەۋەلدە خەت سۇلۇس بىلەن يازىلغان. تارىخ توغىز يۈز يىگىرمە دۆرتتە يازىلغان تولمىيەنى ئۆز سۆزى بويىنچا كۆچىرىپ ئاخىرىنا بۇنى قوشتىق. باسىلغان مۆھۈرىنىڭ سۆرەتى: (ئەمىن خان)

مۆھۆرنىڭ يازىۋىندا «خان» دىگەن سۆزدەن باش قاسمن ئانىق ئوقىرىغا بولمي:

سوڭغى خانلارنىڭ بۇ ۋەقىق تۈرالى بيرگـەن ئىسـ باتى تۆبەندەگىچە:

ھۇۋالغەنى ئەبۇنىەسىر سۇلتان سەئىد باھادىرخان غازى سۆزىم جەمشىد شانكمتى سەتان راۋماسنان قىرىنـ داشـلارى بىلەن ئۈلميا ھەزرەت نىر رەفىغەت فەرىدۇن فەردارا نشان فەرزەندلارغە سىپر تۇرفان قەلەمرۇينىڭ سۇدۇر دەسـتۇر ئايىـن سـەئەدەن قەرىن ۋە نەقـاباي سەددىرى نەشىن ۋە سادات غەزام ۋاجىبۇل ئىختىرام ۋە قۇززات ئەنام شەرىئەت ئەنجام ۋە مۇدكىرام فەرخـنده خەرجام ۋە روساي نىكۇنام بىلە بىتەخىس قارا خۇجا ئاستاناسىنىڭ ھاكىم ۋە دارۇغالارى باشلىغ ئاقـساقال ۋە قارا ساقالـلارى بىلە ئەرباب سەنايىئ (بۇيىـردە يارتى يولدان ئارتىغىراق يازۇ ئۆچـپ كىتكەنلىگىنـدەن ئوقى ئالمادىم) ھۇۋەيىدا بولسۇنكىم جەناب سـيادەتە مۇئاپ ۋە كەمالات ئەكىتساب دىـيانەت ئاسار ھەقىـقەت شۇغار سەيىد شاھ تالىبىنىڭ سەلاھ ۋە سـەلاھىيەتى ۋە تەقۋى قابىلىيەتىنى ئاگلاپ بابالارىنىڭ دەستۇرى بىلە ھەزرەتى بۇزرۇرۇكۋار نۇرۇللاھۇ تەربىتەنىڭ مەرقەدى مۇتەھـەرـ لارىدا پىشۋا ۋە ساھىپ تەكبىر قىلدۇق تاسەيىد مۇشار ئىلەيەدىن بى ئىزدىن ھىچكىم نەزىر ۋە نـىيازىغا دەخىل تەئەررۇز قىلغۇچى بولماسۇنلار ۋە ھەر نەزىر ۋە نىيازـ كە ـ غە كىبلـا نەسىفى قىلىپ نەسىفىنى سەيىد مۇشارىن ئىلەي نەسىفىنى شەيخلارغا ئەئىيالارىغا كەمراق مۇفىلىسـ

لارىغا زىيادىرەك تەقسىم قىلىپ بەرگۈن زەندە ھەم
كېلىپ نەسفىنى سەييىد مۇشارىن ئىلەي نىسفىنى شەيخ
لارغا بېرگۈن ۋەتەقى مۇشارىن ئىلىيەي ئەندەل ئىھ
تىياج ئۈز نەفسىغە سەييىدلارنىڭ ھەسەسىدىن ئالغۇن
ۋە دىگەر يېر سۇلارى ھەم قىراداقى قىرىق تاغارلىق
يېر ئون ئالغۇ ئون تاغارلىق يېر قاقىردا ئون تاغارلىق
يېر ۋە مەجمۇغى قوروق يېرلار ۋە سۇلارنى بىربىر
بولغۇن① ۋە ئۈچ توتام ئۈچ ئىلىك جورغە سۇلارنى
قىش ۋە ياز تېيغۇچى بولماغۇلەر ھەشار مەدىكار قارا-
ۋۇل چەگداۋىل تۇشۇر ھەققۇلىلە قورغال شۈرەچى نەق-
قارەچى كۆكچى ئۆتۈنچى بازار بېگى سىرانە ۋە جەممىي
ئەلەمدار دەخىل ۋە تەنەررۇز قىلماغۇنلار ھەر كىم
شەيخ ۋە سەييىدلاردىن مۇشارىن ئىلىيەنىڭ خىزمەتىنى
كەمايەتىبەغى بەجا كېلتۈرگۈنلار ئۇ شەيخلارنىڭ ھەس-
سەسىدىن ھەم ئالغۇن كىممەاكىم يارلىغ يۈگۈنىدىن
ۋۇزىگا قىلىسە سىياسەتكە سازاۋەر ۋە غەزەپكە گىرىپتار
بولغۇسىدۇر دىپ مۇھۇرلۇك نىشان ئالمىشان ساقى بايان
تارىخ مىڭ ئالتمىشىنچى توشقان يىلى مۇھەررەم ئايى
شەنبە كۈنى دارۇلسەلتەنە تۇرفاندا پىتىلدى. ئىنتىھى
تۇشبۇ سۈرەتتە مۇھۇرىدۇر.

(مۇھۇر)

يوغارغى تېكىستنىڭ تەرجىمەسى:

---

① ئىككى ئارگىنالدا «بىربىر بولغۇن» دىگەن سۆزنىڭ ئۈستىدە بىزدە ئوقەت چېكىتمەك - ئاپتور

ئەبۇننەسىر سۇلتان سەئىد باھادىرخان غازى سۇزىم: جەمشىد كىبى شانلى يىللاردان بېرلى غالىب قەرىندەشلەر بىلەن غالىي خەزرەت يوغارى دەرەجەلى فەرىدۇن كىبى پارلاق فەرزەنتلەرگە باشتىن ئاخىر قەلەمگە ئالىنغان جىرلەرىمىزدەگى قاغىدەلەرگە بويسۇنۇچى غەمەلدارلەرىمىزگە، بەختىكە ياقىن تۆرەلەرىمىزگە خۇرمەتلەۋكە خەقلى كىشىلەرگە، شەرىغەتنى يۈرگۈزۈچى ئابىرويلى ئادەملەر، قۇۋانىچ بىلەن ئاتاقلى باشلىقلار بىلەن قاراخوجا، ئاستانانىڭ خاكىمى، دۇرغالارى باشلىق ئاقساقال قارا ساقاللار بىلەن ھۆنەرمەنلەر......①

ئانىق بولسۇنكى: جاناب سەيىد دەرەجەلى كەمالەتكە جىتىشكەن دىيانەتلى خەقىقەت شۇغارلى سەيىد شاھ تالىبنىڭ سەلاھىيەتنى ۋە تەقۋالىق قابىلىيەتنى ئېيشىتىپ، بابالارنىڭ يولى بىلەن خەزرەتي شەرەفلى قۇرۇللا ياتقان پاك ئورنىغا باشلىق ھەم ساخىپ تەكبىر قىلىپ بېلگىلەدىك. بۇ سەيىددىن رۇخسەتسىز ھىچ كىم نەزىر - سەدەقەگە ئارالاشۇچى بولماسىن. ھەربىر كېلگەن سەدەقەنى ئېيكىگە بۆلۈپ ئۈشبۇ سەيىد شەيىخلارغا يارىسىنى باشقىلارغا يارىسىنى، بايلارغا ئازراق، فەقىرلەرىنە كۆپرەك بۆلۈپ بېرسىن. جانلى مال كېلسەدە يارىسىنى ئۆزى قالغان يارىسىنى شەيىخلارغا بېرسىن. يەنە بۇ سەيىدنىكە كېرەك بولۇپ قالغاندا ئۆزىنە شەيىخلەرنىڭ ئولۇشىدىن ئالسۇن. باشقا جىر سۇلاردان؛ قىراداغى قىرىق تاغارلىق جىر،

① بۇجىردە يارتى يولدان ئارتىغى ئۈچىپ كېتكەنلىكدىن ئوقۇغلى بولمادى - ئاپتور

تون ئالغۇ ئون تاغارلىق جىر، ۋاقسردا ئون تاغارلىق جىر بارلىغى قۇرۇق جىرلەر ۋە سۇلارنى بىر بىر بۆلسۇن. ①ئۈچ تۇتام ئۈچ ئىلىك جۇرغا سۇلاردىن قىش - ياز توختاتماسىن، ھاشار - مەدىكار، قاراۋىل، غەسكەر، غۇشۇر جىيىۇچىلار، ناغراچى، كۆكچى، ئوتىنچى، بازار بېگى، سىرانە ھەم بارلىق غەلەمدارلار ئارلاشماسىن، قول تىقماسىن. بارلىق كىشىلەر شەيىخ - سەيىدىلەردىن بۇ كىشىنىڭ خىزمەتىن ئەيتكەندەي ئورنىلاسىن. ئولى شەيىخلەرنىڭ ئۇلۇغىندەن ئالسىن. كىمىدە كىم بۇ يارلىقتان باشقاچا قىلسا، سەياسەت بويىنچا جازالى بولىب، غەزەپكە يولىغادى، دىپ مۇھۇرلىك غالىي ئىسبات بىرىلادى. تارىخ مىڭ ئالتىمىشىنچى، قويان يىلى مۇخەررەم ئايىنىڭ شەنبە كۈنى، سالتانات ئورنى تۇرفاندا يازىلدى. سۆز ئاخىرىندا مۇھۇرىم باسىلدى.

مۇھۇر. (يازىۋى ئۆچكەن)

سۇلتانلارنىڭ ھەر قايىسى بۇ غەزىنى مۇنچالىق ھۆرمەتلەۋلەرنىڭ سەبەبى بۇ كىشىنىڭ كەرامەتلەرى ۋە فادەتتەن تىش بەغزى ئىشلەرىنە قاراتا بولغان. خەزىردە دە بەغزى كەرامەتلەرى ئانىق ئاچىق كۆرىلە ئىمىش، شۇنىڭ ئۈچۈندە زىيارەت قىلىۇچىلار ئىخلاسلارى بىلەن خوجامنى ياردەمچى قىلىپ ئاللادان مەقسەتلەردىن تىلەسەلەر مۇراتلارى ئورنىلانار ئىمىش. ئىخلاس قىلىپ بويسۇنۇچىلارغا باشپانا بولالا، دۇغا - تىلەكلەرىمىز

---

① ئىككى نوسخادە «بىر بىر بولسۇن» دىگەن سۆزنىڭ ئۈستىنە سىزىق تارتىلغان - ئاپتور

قابىل بولا دىيىپ ئىشانالار. فال ئاچىۋ تورنىندا ئىشلەتىلە
تۈرغان كۆلباللاڭ① دىيگەن بىر نەرسەلەرى بار. بىر كىشىـ
نىڭ ئاۋرۇۋى ئۈزاقىقا سوزىلىپ يازىلا ئالماسا كولىبالاڭ
كۆتەرەلەر. ئاۋرۇ كىشى ئۈچ كۈن ئىچىندە ساقايىپ
جافادان قۇتىلار ياكى ئۆلىپ كىتەر ئىكەنمىش.

خوجامنىڭ تۆگەرەگىندە ۋاڭلارنىڭ تۈرلى بوياۋلار
بىلەن بىيزەلگەن، پىشكەن كىرپىش بىلەن ياسالغان
قەبىرلەر ۋە گۈنبەزلەرى بار. ئىچلەرىندە تۈرلى يازۇ-
لارى بولىپ، كۆبىسىنىڭ تارىخ يىللارى يازىلماغان.
بىر قەبىرنىڭ ئىيشىك باشىنا يازىلغان تارىخى تۆبەنـ
دەگىچە:

بىئسىم سۇبخانەھۇ ۋە تەئالا ھەمدۇبى ھەدۇ سەناي
بى ئەدەد خۇداۋەندە بىر ھەق ۋە پادشاھى مۇتلەقغەـ
كىم ئۆزىنىڭ قۇدرەت تاۋانالىق سىفاتىنى ئىزھار ئەيـ
لەپ سەلاتىنلار زۇمرەسىنى ۋە ھاكىملار خىلىنى ئىنتىـ
زامى ئالەم ۋە مەسالىھۇ بەنى ئادەم ئۈچۈن ھاكىم قىلـ
دى ۋە بۇ جۇملەردىن ھەزرىتى چاساق ئىسكەندەر ۋاڭ
ھاكىمىنىڭ بىكلىگى كىم كاشغار دارۇسسەلتەنەتىدە ۋالى
ھاكىملىغ مەسنەدىدا ئولتۇرغان ھالەتىدە پەدەر بۇزۇ-
رۇكۋارلارى مەرقەدىنىڭ ئىمارەتىنى تەجدىد ئەيلەمەكنى
ئىرادە ئەيلەپ تارىخە بىر مىڭ ئىكى يۈز يىگىرمەدە
كاشغەر ۋىلايىتىدىن زەھرىنى ئۇستادلارنى ئىيبەرىپ مەر-

---

① يازغۇچى «گولىبالاڭ» غا ھىيچ ئىزاھ بىيرمەگەن، مىن
سۇراشتۇرسام قەبىرنىڭ تۆپ ياغىچىنا قويىلغان دۇمباق ئىكەن،
ئىهتىمال باقچىلاردان قالغان نەرسە بولسا كىرەك ـ ت

قەدىرلانۇر ئەنۇر تەئەمىرىنى ۋە پىش ئەيۋان ئىمارەتىنى
كاشەئى مۇئەققەش تەزەيىنى بىرلە مۇزەييەن ۋارەستە
ئەيلىدى ئىنتىھى ئۇشبۇ ئاندە ۋاقىلارىنىڭ دەخى كۈندە
فەسلە ۋە ئىمارە يەئنى جامائەلەرىندىن فەۋت ئولان-
لارى مەنسەبدارۇ ۋە غەيرى مەنسەبدار ئولسۇن جاي
مەئھۇدە قۇيۇب ئادەت قەدىمەلەرى ئۈززەم ئاكابىر ئو-
لەمالەرىندىن بىر ئادەمى قەبرىنىڭ ئۈستىنە يۈز بازيادە
ۋە ياكەم خەتىم قۇرئان ئوقۇماق تەئىن ۋە قىرىق كۈن
ئاندە ئىستىقامەت تەھسىس قىلۇرلار يەئدە مۇلۇۋلمۇدەت
دۇئا فاتىھەسىنى ئالۇب ئىزنى ۋە ئىجازەت ۋىرۇرلار.

## يوقارىنىڭ تەرجىمەسى:

بىسمىللا باشلاپ ئول ئاللاغا چېكسىز ماقتاۋ، سان-
سىز سەنائەيىتەمەن. ئول بىر ھەقىقىي خۇدا، مۇتلەق
پادىشاھ ئۆزىنىڭ قۇدرەتلى، سىيفاتى، كۆرسەتىپ سىئا-
ئاتلار، ھۆكۈمدارلارنى دۇنيانىڭ ئىنتىزامى، ئادەم بالا-
لارنى باشقارۇ ئۈچۈن خاكىم قىلدى. شول قاتاردان
جاساق خەزرەتى ئىسكەندەر ۋاڭ خاكىمىنىڭ بىكلىگى
چاغىندا، قاشقاردا ۋالى خاكىملىق مەنسەبىندە ئوتەر-
غان ۋاقىتتا، خاسىيەتلى ئاتاسىنىڭ قەبرىنى ياڭارتىپ
ياساماقچى بولسا، تارىختا بىر مىڭ ئىككى يۈز يىگى-
مەسى قاشقار ۋىلايەتىدەن چىبەر ئۇستىلار جەمبەرىپ،
پاتقان ئورنى نۇرلى بۇ قەبرىنى سىرلى كېپ پىشلەر بىلەن
بىزەپ ياساتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋاقىلار جەمەغەتىن-

دەن مەنسەپلى ياكى مەنسەپسىزلەرنىڭ قەبرىلەرىندە بۇ چىركە قويۇپ بۇرۇنقى ئادەت بويىنچە غۇلەمەلەردەن بىر كىشىنى يۈز مەرتەبە ياكى ئارتىق كېچە ساندا خەتىم قۇرئەن ئوقۇرغا تەئىيىن قىلغان. ئاندا قىرىق كۈن ياتىپ ئىستىقامەت قىلىپ، ۋاقتى تولغاندا دۇغاسىن ئالىپ قايتالار.

ۋاڭلار ئەسلى تۇرنىدا ئىختىلافلار بولۇپ، بەغىزىلار ئەۋەلكى خانلارنىڭ نەسلىندەن دىسە ۋە بەغىزىلەرى خەزرەتى ئافاقنىڭ ئىمىن ئىسىملى دىيندار بىر مۇرىت سوفىسى بولىپ ئانىڭ ئەۋلادى دىلەر ۋە بەغىزىلەر مەزكۇر ئىمىن خەزرەت ئافاق تەرەفىندەن تۇرفان خاكىملىغىغا قويۇلغان دىيەلەر. ئافاق خوجا ئۆلگەندەن سوڭ ئانىڭ ئوغىللەرى يەنە ئەۋەلكىدەي خاكىملىققا قويىلغان. بۇ ئارادا ئافاق خوجانىڭ ئىتتىفاقداشى ئىلى خانى قۇنتاجى هەم غەلەمدەن ئۆتىپ ئىكى مەملەكەت ئاراسىنا غەداۋەت تۈشىپ، ئىلغا قاراشلى قالماق ئىلى تۇرفانغا هەر ۋاقىد كىلىپ، بۇلاپ ـ تالاپ تىنچسىزلاندىرىپ تۇرغان. ئىمىن ۋاڭ قاشقارداغى خەزرەت ئافاقنىڭ بالالارى ئاي خوجا، كۈن خوجالاردان ياردەم سوراغان ۋاقتىدا، بۇ ئىكى خوجانىڭ ئۆز ئارالارىندا ئىتتىفاقسىزلىق تۈۋۈلىپ، ئاق توغ، قارا توغ دىيپ ئۆز ـ ئۆزلەرىنە غينۆان بىرىشىپ، ئىكى گۇرۇھقا بۆلىنىپ كىتكەنلەر ئىكەن، ئانىڭ ئۈستىنە چىرلى خاكىملەردە، هەر بىرسى ئۆزلەرى تۇرغان شەهەرلەرىندە مۇستەقىل ئىش كۆرىشىپ، خۆكۈمەت باشقارىۋغا زىيان جىتە. بۇ تاراف

تان ئېمىن ۋاڭغادا خەۋەنى زورايا. ئېمىن ۋاڭ ئىلاجسىز قالغانلىغىدىن ئىجەن خانغا① ئەسكەر سوراپ ئېلچى يىبەرە. خان ئېلچىلەرنى قارشى ئالا. بۇ ۋاقىتتا قالماقلارنىڭ زارارى دۆلەتنىڭ باشقا رايونلىرىدا تەسىر قىلا باشلىغانلىقىدىن خاننىڭ خەبەرى بولىپ تۇرغان. مەركەزى ھۆكۈمەت قالماقلارنى باستۇ ئۈچىن چېرىك چىبەرگەن. بۇل چاقتا ئېمىن ۋاڭدا كۆچ توپلاپ، مەركەز ئەسكەرلەرنە ياردەملەشىپ قالماقلارنىڭ كۆرەسى② ئورناشقان ئېلى ۋىلايەتىن ئالغانلار. ئاۋۋالغا قاچقان قالماق ئەسكەرلەردىن ئېمىننىڭ ئەسكەرلەرى قوۋىپ ئەسىر ئالغانلار، ھەم ئالارنى بىجىنگە چىبەرگەنلەر.

ھىجرىيە 1150 - 1200 - يىللار ئاراسىدا قۇلجا شەھەرى بىنا بولغان. ئاندان مەركەز ئەمەلدارلارى تۇرغانغا بارىپ، ئېمىنگە ۋاڭلىق دەرەجەسىن بىرگەنلەر. ۋاڭ جىرلى فۇقرا، خاكىملارنى مەنسەپكە قويۇ، خىزمەتدەن قالدىرىۋ، خەتتا ئۆلىمگە بۇيرۇغا قەدەر خوقۇقلى بولغان. مەغەشىنە مەركەزدەن يىلىنا كۆپ يامبۇ بىرلگەن ۋە ئەۋلەتدەن - ئەۋلەتكە ۋاڭلىق مىراس قالماق شارت بولغان. ئېمىن ۋاڭ مەركەز ئەسكەرلەرىنە يول باشلاپ، قاشقارغاچا بولغان جىرلەرنى قولغا كىرگىزگەنلەر، بۇ ئىشلەرگە ئېشىك ئاچۇۋچى ئېمىننىڭ خىزمەتى سەبەبلى بالادان - بالاسىغاچە ۋاڭلىق مەنسەپبىندە

---

① ئىجەن خان - چىڭ سۇلالىسى خانى - ت

② كۆرە - ھۆكۈمەت مەھكەمەسىندە - ت

ئوتۇرۇپ، ياقۇپ خان دەۋرىدە ھاكىمىيەتلەرى مۇنقەرىز بولغان.

«ئەددەھرۇ مۇشتەرىكۈن بەينەننناس» (دۇنيا كىشىلەرگە ئورتاق) دېگەن ماقال بويىنچە دەۋردىن - دەۋرگە ئۆزگەرشلى سەبەپلى، ئادەملەر ئاۋۇشىپ بەختلەرى يولداش، تەغلەيلەرى قولداش بولىپ ھىجرەتىنىڭ 1293 - يىلى ياقۇپ خان ئۆلۈپ خىتايلار ئالتى شەھەرگە ئىككىنچى مەرتەبە ھاكىمىيەت ئورناتتى. يوغالىپ بىتكەن ۋاڭ نەۋلەتلەرى خۇكۇمەت تارافىندان سۈراشتىرىلىپ ئىيمىن ۋاڭنىڭ ئالتىنچى نەبرەسى مەخمۇتنى تاۋىپ، ئانى بابالارىنىڭ ئورنىدا ۋاڭ سايلادىلار. مەخمۇت ۋاڭ خەزىر لۈكچىن شەھەرىندە ۋاڭلىق ھاكىمىيەتىنى يۈرگىزمەكتە.

ئاستانا بىلەن تۇرفان ئاراسىندا كۆتى يۈغان دېگەن تۇرادان جەنۇبى ۋە شەرق تارافىنداغى شەھەر، ئاۋىللار بارلىغى ۋاڭنىڭ باشقارۇۋىندا بولىپ، ۋاڭغا خان تارافىندان يىلىنا ئون ئالتى يامبۇ مەغەش بېرىلە. ۋاڭ ھاكىمىيەتىندە ئىيسلام قانۇنى بويىنچە مۇفتى، قازى، رەئىسلەر بار. ھەر ئىش شەرىغەتكە قاراشلى ئەغلەملەرنىڭ فەتۋاسى بىلەن يۈرگىزىلە. ۋاڭنىڭ خاتىنى فۇجۇڭ غىنۋانىندە مەنسەبتە بولا. فۇجۇڭ يارىم ۋاڭلىق خۇقۇق خەزىرگى فۇجۇڭ مەخمۇتنىڭ ئۆگەي ئانىسى. ئاناسى ئۆلسە ئاندان خاتىنى فۇجۇڭ بولا.

مەخمۇت ۋاڭنىڭ ئاتاسى نەفىردۇن ۋاڭ، ئانىڭ ئاتاسى مۇخەممەد سەيىت ۋاڭ، ئانىڭ ئاتاسى زۇنۇن

ۋاڭ، (خالىقلار زوۋاڭ دېپ يۈرىتەلەر) ئانىڭ ئاتاسى
ئىسكەندەر ۋاڭ، ئانىڭ ئاتاسى ئىمىن ۋاڭ سوغىش
بابىدا باتۇر.

ئۇشى ئىمىن ۋاڭنىڭ نەسەپ تارىخىدا بىر نىچچە
تۈرلۈك پىكىرلەر بار. بەزىلەر بۇرۇنقى خانلار ئەۋلادىدىن-
دەن بولۇپ كەيىن خەزرەت ئاپپاق خوجا خىزمەتىدە بولغان.
ئىش كىلەرلىك كىشى دېپ، تۇرپانغا ھاكىم قىلىپ قويۇ-
غان بولىشى تىيىش دېسەلەر. بۇندان ئەۋۋەلەرىدە-
نىڭ تۇرپاننىڭ ھەر چىرىگە ۋاڭ قويىماق تۇرا كىلسە،
ئۇشى نەسلدەن ۋاڭ قويىماق خىتايلارنىڭ قانۇنى ئى-
كەن. كەيىن جاھانگىر خوجا ئۇستىدىن غەلى-
بە قىلىپ، جاھانگىر خوجانى چىكىپ ۋە ئەسىرگە ئالىپ،
ئورنىنا قاشقاردا ئىسخاق ۋاڭغا، ۋاڭلىق دەرەجەسىنى بېر-
گەن ۋە قاشقاردا ۋاڭ بولغان. سوڭغى ۋاڭلار ئانىڭ
ئەۋلادى دىيىشلەردە بار. بۇ ئىسخاق ۋاڭ ئەۋەلدە سەۋ-
دەگەر بولغان كىشى. جاھانگىر خوجا ئەخۋەللەرى، يا-
قۇپ خان ئەخۋەللەرى بىلەن بىرگە يازارمىن. ئاللا
بۇيۇرسا!.

تۇرپان ۋىلايەتىنىڭ مۇپتى قازىلارىندان باشقادا
زور غۇلامەلەرى بار. ئالاردان بىرسى ئاستانانىڭ مۇ-
دەررىسى مولla ئەبدۇلمۇقت ئاخۇن دىگەن كىشى ئى-
كەن. مۇرەككەپ قىيىن مەسئەلەلەرگە جاۋاپ بېرە ئا-
لارلىق تەقۋا ئالىم. فارسچە ياخشىغىنە سۆيلەي ئالا.
ئۈز-ئارا ئوتتۇرۇلاردا مەكتۇبات شەرىف، غەيىنلغىلىم
كىبى ۋەغزە كىتابلارىن ئوقى. بۇ كىشى فەقەت تۇر-

قانداغىنا ئىمەس، بۇتۇنلەي ئالتى شەھەر بويىچادا بىرىنچى دەرەجەدەكى غالىم دىيەرگەدە يارى. ئىككى كىتابلارىدا ئاز ئىمەس. بىر كىفايە كىتابىن كۆردىم. يازىلغانىغا دۆرت يۈز يىلدان ياكى ئالتى يۈز يىلدان ئارتىغىراق بولغان شىكىللى، ئانىغى خەتىرىمدە قالماغان. غەرەب گىرامماتىكاسىن ئوقۇپ ياتقان شەكىرتلەرى بار. ئاخۇنىنىڭ بىر ئوغلى شۇندي ياخشى ئوقىغان، غەرەب تىلى گىرامماتىكاسىن چىشكەندە جانىڭ رەخەتلەنە.

بۇ غۇلامەلەر قاتارىندا ساخىپ تەكبىر سابىر ئاخۇن دىگەن كىشى بولىپ، سۇلتان ئالىپ-ئاتا خوجەنىڭ ۋەقفلەردىن باشقارۇچى مۇتەۋەللى ھەم نازىر ئىكەن. يەنە لۇكچىنىنىڭ مۇدەررىسى لۇكچىن مەدرىسەسىنىڭ مۇدەررىسى بەكرى ئاخۇن دىگەن كىشى دىغار يولىندا ئۆز كارىزى ياقىنىدا بىر مەسجىت ھەم مەدرەسە سالىپتى. يۇرتىدا شۇل جيردە، جۇمغەغە توغرى كيلگەنلىكتەن كۆرىشىپ ئىسەنلەشتىك. ئەممە كۆپ تۇرالماغانلىقتان كۆبىرەك فىكىرلەشىپ فايدالانالمادىق. تۇرىندەن قارغاندا قاغىدەلى ياخشى ئادەم ئىكەنلىگى بىلىنە. بۇ زاتلارىنىڭ ھەر بىرى ئوشى ۋىلايەتنىڭ قۇتۇپ يولدىزى دىيەرلىك تەقۋا كىشىلەر. جانابى ئاللا بۇلار بىلەن يەنە كۆرىشۈنى ناسىپ قىلسىن ئاممىن.

بىر كىشى بۇخاراغا بارماسادا، باشقا جيرلەرنى كۆرمەسەدە غىلىمگە تىرىشسا، غالىم بولىشۇ مۇمكىن ئىكەنلىگىن، بۇ كىشىلەرنى كۆرگەندە ئويلى ئالامىز. لەكىن سەياخەت، كۆرگەن-بىلگەن ئەلبەتتە ياخشىراق.

باغىر دىگەن جىيردە تىمىر قازى دىگەن مەشھۇر
كىشى بولۇپ، ياخشى ئىشلەر خەيىر - ساخاۋەتتە ھەممە-
دەن ئارتۇق دىيىپ ئەيتەلەر. ھىجرىيە 1303 - يىلى خا-
جىنگە بارۇر سەفەرىنىدە خوتەن شەھەرىنە بارغانىدا را-
مازان ئايىندا ۋافات بولغان. مەرخۇمنىڭ خەيرلى ئىش-
لەرىنىڭ بىرىسى؛ باغرىدە بىر مەسجىت ياساتىپ تىرەس-
نە يىگىرمە قەدەر خۇجرە سالدىرغان. ئاڭا ياقىنراق
بىر قارىخانە سالىپ مەخمۇت ئىسىملى بىر قارىنى تە-
ئەينلەپتى. قارىخانا ۋە خۇجرەدەكى شەگىرتلەرنىڭ راس-
خودىنا ۋەقفەلەر بېكىتىپ، كىرىملەرىنى شۇلارغا سەرپ
قىلۇغا ۋەسىيەت قىلغان. ئۆز ئورنىنا بىر شەگىرتىنى بىل-
گىلەگەن. خەزىرگى ۋاقىتتاغى ئىمامى ھەم مۇدەررىسى
شول شەگىرتى. ئانىڭ يىتىلگەن ئوغۇللارى بار.

## مورتۇق خوجا

ئاستانادان ئىكى تاش يىراقلىقتا تاۋنىڭ ئارتىنـ
دا، ئاستانا سۇۋىنىڭ باشىندا، مورتۇق دىگەن بىر كىچـ
كەنە ئاۋۇل بار. ئول جىيردە مۇرتۇق خوجام دىيىپ ئاتالـ
غان، مەشھۇر مەۋلانە خەمىت خەزرەتىنىڭ قەبرى بار.
ئاللا رەخمەت قىلغىر بۇ كىشى، ھىندىستانلىق بولىپ،
ئەرەبىستاندا ئىلىم تەخسىل قىلىپ، ئاندان سەياخەت
قىلىپ يۈرۈپ، بۇ جىيرگە كېلگەنمىش. شول زاماندائى
خانلارنىڭ بالالارىنى ئوقۇتىپ، ئۇستاز بولىپ تۇرىپ،
ئوشى جىيردە ۋافات بولغان. قەبرى قاشىندا زور بىر

مەسچىت بار. مۇرتۇقنىڭ بارلىق خالقى جۈمەغە نامازىنى شۇل مەسچىتتە ئوقىيلار. سولتان سوفى ئاتاسى ئەيۇپ نىياز، ئۇنىڭ ئاتاسى ئارزۇمەت دىگەن كىشى 20 يىلدان بىرلى باشقارىپ كىلىپتى. چىراقچىسى غەبدۇلـ جەببار شەيىغدىر.

مۇرتۇقدان تاۋ ئارقا يولى بىلەن ئەسغاب كەھفكە باردىردا، سىنگىم يولى بىلەن سۇ باشى دىگەن ئاـ ۋىلغا بارىپ، ئاندان تۇيۇق جىلغاسى ئارقىلى تۇيۇق ئاـ ۋالىنا بارىلا. ئارالىغى يىيتمىش يولدىر، تەخمىنەن تۆرت يارىم تاش يىراقلىقدا. ياكى مۇرتۇقدان ئاستاناغا كىيـ لىپ، ئاندان تۇيۇققا بارماق بولغاندا، ئاستانادان تۇيۇقـ قا ئۆتىز يول، يەغني ئىكى تاش يىراقلىقدە. خەزرەـ تى ئەسغاب كەھفنىڭ مۇبارەك غارى ياتقان ئورنى شول جىردە. يول خىتاي ئۈزۈنلىق ئۆلچەمى، ۋېرست غىلمى ئۆلچەم. تاش دىگەن ماۋىرا ئۇننەھىردە ئۈزۈنلىق ئۆلـ چەمى. غەرەبچە فەرسەخ دىيىلە. ھەر ئىكى يول ۋە بىر چارەك، بىر ۋېرست ۋە ھەر سىگىز ۋېرست، بىر تاش خىسابلانا.

### بۇ بابتا ئەسخاب كەھف توغىرلى سۆيلەنە

بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلىيمەن»

بۇ سەغەدەتلى مۇقەددەس كىشلەرنىڭ ياتقان ئورنى كەھف تاتارىستان (تاتارىستان غارى) دىپ ئاتالـ غان ۋىلايەتنىڭ، كونە تۇرفان ئىسمى بىلەن مەشھۇر شەھىرىنىڭ شەرىق تارافىنداراق جەنۇبىندە، مۆلچەر

بىلەن دۆرت تاش يىراقلىقتا ئاستانا قەلەسى بار بولۇپ، يوغارىدا يازغانىمىزداي ئاستانادان ئىكى تاش - ئوتىز يول جىيردە تۇيۇق ئاۋىلى بار. ئەۋلىيەلەرنىڭ ياتقان غارى شول جىيردە.

غار، كەھف - سۆزى ئىكى بىر مەغنەدە — تاۋ چۇقىرى دىيگەن سۆز. ئۆڭكۆر زور بولسا — كەھف، كىچكەنەرەك بولسا — غار دىيىلە. «ئەلكەھف ئەلغار ئەلۋاسىخ فى ئەلجەبىل فان لەم يەكۇن ۋاسىغا فىغار» مەغنەسى: (كەھف دىيگەن تاۋلاردايى كىيك غار، ئەگەر كىچكەنە بولماسا، غار دىيلمەيدى. «روخۇلبەيان» دەن)

بۇ غارنىڭ ئىيك ئەۋۋەل مەغلۇم بولىۋى جاھىلىيەت زامانىسىندا بولىپ، شول زامان كىشىلەرى ئۆز غادەتلەرى بويىنچە خۇرمەتلەپ تاۋاپ - غيبادەت قىلىپ كيلگەنلەر. سۇلتان سىدىق ① بۇغراخان غەسرىندە ئىسلام دىينىنە كىرگەن چاقدا، ئىسلام غەسكەرلەرى تاراپىندان غارنىڭ تارىخي پاكى ياڭا غىمارەتلىگىنەن خەبەرسىز بولغاچ، كافىرلار پۇتخاناسى دىيپ يانىنداغى ئۆي - غىمارەتلەرى بىلەن بىرگە بۇزىپ تاشلاغانلار. شول چاقتا غارنىڭ ئىچىنە كىرگەن كىشىلەرگە كەيبىر غەجەيىپ ئىشلەر كۆرىنگەنمىش. بۇ سۆزلەر خالىق ئاراسىنا تارالىپ مەجلىسلەردە سۆيلەنە - سۆيلەنە يوغارى تەبەقە باشلىقلارنىڭ قۇلاقلارىنا جىيتىپ، ئالار بۇ غارنىڭ نى سەبەپلى زىيارەت - تاۋاپ ئورنى بولغان دىيپ، بۇ-

① «سىدىق» ئىمەس، «سۇتۇق» بولرغا تىيش - ت

رۇنغى ئىشلەردەن خەبەرى بار كىشىلەردەن ئىچكەلەپ
تېكشىرىپ سوراغانلار جيرلى كىشىلەر، بىزچە، شەيخـ
لەردەن سوراغاندا ئالار: «ئىشتىمۇزچە بۇرۇنغى زامانـ
دا بۇل دىيارداغى كىشىلەر تاۋلارنى ئويىپ ئۆي ياـ
ساپ، تاۋلارى شەھەر، سەخرەلەرى باغچا خىسابىندا
يەشەپ كېلگەن. بىر قانچا زامانىنان سوڭ، بۇلارغا ياـ
قىن ئەتىرافقا بەدەۋي ـ كۆچمەن خالىقلار كېلىپ، بۇلارـ
نىڭ جيرلەرىن جەيلەۋ، قىشلاۋ قىلىشىپ، ئۆزلەرىن بۇـ
لاپ ـ تالاپ تۇرمىشلارىن رەخەتسىزلەندىرگەن. ئاخىرى
بۇ بەدەۋيلەرنىڭ زۇلمىنا چىدارغا خەلى قالماغاچ مىلىڭ
يىلدىن ئارتىق يەشەگەن ۋاتانلارىن تاشلاپ كېتىۋگە
مەجبۇر بولغانلار. سوڭىندان كۆچمەنلەردە مەغلۇم سەـ
بەپلەر بىلەن بۇل جيردەن تايغانلار، كۆچمەنلەر كېـ
تىپ، جيرلەرى بوش قالغاچ، جيرلى خالىق يەنە قايتاـ
دان كېلىپ ئورنىلاشالار. يەنە ئەۋۋەلگى كىبى تاۋ ئۆڭـ
گۆرلەرىندە يەشيلەر. سوڭىرا بۇلارنىڭ ئاراسىندان دورـ
غۇن ئيسملى بىر دانىشمان ئاقىللى كىشى چىقىپ
كۆپچىلىككە قاراپ: بىز بۇلاي ئۆيلەرىمىز تاۋ ئۆڭگۆرلەـ
رىندە، ئيگىن، باقچالارىمىز تۆبەنگى سەخرەلەردە بۇـ
لىپ يەشەۋىمىز تۇرا ئيمەس. ئەگەر يەنە بىر دۇشمان
كېلىپ باقچا جيرلەرنىڭ يولىن تۇسىپ، ئۆيلەرىمىز بىـ
لەن ئيكى ئاراغا كىرىپ ئالسا، ئول ۋاقىتتا خەللەرىمىز
يەنە ئەۋۋەلگىدەي قيىنلىقا قالا. يەنە كۆچىپ كېتىۋگە
مەجبۇر بولابىز. «شۇنىڭ ئۈچىن بىز ئيگىنلىك، باقچا
جيرىمىزگە كۆچىپ بارىپ ئۆيلەرىمىزنىڭ ئاتىرافىن

قورغانلار بىلەن قورچاپ، ئۆزىمىزنى ساقلىي بىلسەك،
بىزنى دۈشمان جىڭگە ئالمىي» دىپ مەسلىھەت كۆرسەتە.
ئانىڭ فىكىرىدىن ھەممە ماقۇل كۆرۈپ، ئالدى بى-
لەن ئاستانا شەھەرىن قورغانلار. شەھەرنى ئەيلەندۈرۈپ
قورغان - قويمالار سوغىپ تاۋ ئۆڭگۈرلەرىندەگى كىشى-
لەرنىڭ بارلىغى كۆچىپ كىلىپ جەمەغە بولىپ، بىر
ياخشىغىنا شەھەر بىنا بولغان. ئانىنى مەزكۇر دورغۇن
بۇلارغا خان ئورنىدا خەكىملىك قىلغان. ئانىڭ بالالا-
رىدا نەسلىدىن - نەسلىگە خان بولغانلار. ئاغىن سۇلارى
جىتىشمەگەچ كارىز قازۇنى غەدەت قىلىپ، تۇرمىشلارىن
ياخشىلاغان. شول خىلدە ئۆز ئامانلىقلارىن ساقلاپ تۇر-
غاندا ھىندىستان ياكى ئەجەم پادىشاھلارىندان بىرسى
غەسكەر جىبەرىپ قورچاغانىدا، ئۆكۆزخانغا ① خەبەر
بىرگەنلەر. ئۆكۆزخان ئۆزىمى ياكى ئوغلىنامى دورغۇن-
نىڭ قىزىدىن ئالغان كۈيەۋ ئىكەن. ئول ياردەمگە غەس-
كەر جىبەرگەچ، دۈشمانىن جىڭىپ، كۆپ ئولجالار ئالىپ
غالىپ بولا، شول بويىنچا بۇلارنىڭ قورقانچاقلىغى با-
تىرلىققا ئەيلەنىپ، ئاياقلارى جىتكەن جىردەگى مەيلى
كۆچمەن، مەيلى شەھەرلى بولسۇن ماللارىن بۇلاپ - تا-
لاپ، ئادەملەرىن غەسىر ئالىپ، قوشاقلاپ ئەيدەپ قۇل
قىلىپ بۇ ئىشتەن كۆپ فايدا تابالار. ئەۋۋەلكى ئىگىنى-
چىلىك، باقچاچىلىق ھۆنەرلەرىن تاشلاپ، سوغىش قىلىش
يولىنا تۈشەلەر، ئاز ۋاقىت ئىچىندە خالقى كۆبەيىپ

---

① ئۆكۆزخان ئىمەس، ئوغۇزخان بولسا كىرەك - ت

دەۋلەت تەرەققى تاپا. ئاندان تۇرفان شەھەردىن قۇرىپ
ئانى پايتەخت قىلىپ، كۆپ زامانلار ئۆتكەچ، سىرتقى
ياقدان بىر زالىم پادىشاھ بۇلارنى باشقارىپ تەختكە
چىقادا، دەۋلەتكە مەغرۇرلەنىپ خۇدالىق دەغۋەسىن قىلا.
كىشىلەرنى ئۆزىنە تابىنىۋغا مەجبۇرلي. ئەمرىنە بوي-
سىنماغانلارنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدىرە. جەبىرلەۋ ئارقىلى
خالقىنى سۆزىنە كۆندىرە. بەغزلەر بويسۇنا، يەنە بەغىز-
لەر شۆھبە بىلەن بولسادا ئەمرگە ئىتاغەت قىلىپ،
ئاڭا خۇدا دېپ سەجدە قىلالار. بۇ ئارادا شول شەھەر-
نىڭ ئابىرۇيلى ئادەملەرىندەن ياكى پادىشاھنىڭ ياقىن
كىشىلەرىندەن ئالتى يىگىت بويسۇنماي تاۋغا چىقىپ
كېتەلەر. يولدا بىر قويچى ئىتى بىلەن بۇلارغا قوشىلىپ
ئوشى غارغا كىرىپ ئۈچ يۈز يىل يۇقلاپ ئاندان ئويغا-
نا. كىشىلەرگە بىلىنگەنلەرىندەن سوڭرا يەنە ئوشى
غاردا يۇقلاپ قالمىشلار. بۇلارنىڭ مۇندي خەللەرى ئا-
چىلغاچ خۇرمەتكە، غىزەتكە لايىق كۆرىپ، ئىشىگىنە
بينالار ياساپ، بارا-بارا تاۋاپ قىلىشىپ غىبادەتخاناغا
ئەيلەندىرگەنلەر. بۇل غارنىڭ ئۆتمىشى ئوشىندي» دېپ
سۆزىن تۇگەتكەن.

بۇنى ئاڭلاغان كىشىلەر غەجەپلەنىپ تۇرلى فىكىر-
لەرنى ئويلاپ بەلكى، قۇرئەندە ئەيتىلگەن ئەسخاب
كەھفىنىڭ غارى بولىۋى مۇمكىن، چۈنكي خيكەيەنىڭ
مازمۇنى بۇتۇنلەي شۇڭار ئوخشي، ئارلاغا ئىشانغان كىشى
دينسىز پۇتپەرەس قولىندا بولسادا خورلەقتا، تۆبەنلىكتە

بولمىي. بارلىق كىشىلەر ئانىڭ خىزمىتىندە بولا ئىمىش
دېيەلەردە، لېكىن ئانىق شولاي دېپ قارار قىلماغان.
خان، ئەمىرلەر ئاڭا ئىيەرمەي، بىلگىلى شەيخته قويـ
ماي كېلىەلەردە، ئۆزلەرىنى نادانلىق تارىختاغى ئىشانـ
غان مانى دىنىندە بولغانلارىندان كۆرە جىيدى ئەۋلىيە-
نىڭ قويچى ئەۋلەدى، ياكى يەملەيخانىڭ ① تۇرۇغ
قارماغىندانىمىز دېپ تالاشالار.
ئىسلام دىنىنە كىرگەچ بىرىسى غارغا ئىيە بولىپ،
شەيخ دەرەجەسىندە خۇرمەتلەنىپ، ئول قىتمىرگە ②
يابۇ يابىپ، ئۆتكەن-كېتكەن يولاۋچى، زىيارەت قىلۇ-
چىلارغا ئاتتان تۈشىپ ئۆتۈ ئۈچىن شارتلى ئورىنى بېلـ
گىلەگەن. بەغزى كىشىلەر غارغا كۆڭىللەرىنى بۆلمەي،
شەيخنىڭ سۆزلەرىندە ئىشتىمەي، ئاتدان تۈشمەي ئە-
دەبسىزلىك قىلغانلىقتان بىر قانچاسى خەلەك بولغان،
بىر قانچاسى ئۆلمەسەلەردە ئۆلەرگە ياقىن بەلەگە يو-
لىققانلىق كەرەمەتلەرىنى كۆرگەنلەرىنى سۆيلىلەر. بۇنى
ئىشتكەنلەر توپ-توپ بولىپ كېلىپ تۇرۇغا، گۇرۇھ-
گۇرۇھ سەيەخەت قىلۇغا كىرىشىپ، نىچە يۈز يىلدان
بىرلى شول غەدەت بويىنچا زىيارەت ئورنى بولىپ
قالغان.
بۇ زامانلاردا غارغا خىزمەت قىلىپ، كېلگەنلەرنىڭ

---

① يەملەيخا - جىيدى ئەۋلىيەنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى.
② قىتمىر - جىيدى ئەۋلىيەنىڭ ئىچىندەگى ئىتنىڭ
ئىسمى - ت

قالدىق ئىزلىرى، تۈرلى سوغىش - جاڭجاللار سەبەبىدىن يوقالىپ كېتكەن. سوڭقى ۋاقىتتاقى خانلاردىن سۇلتان باباخان غازى بىر بۇيرۇق يازىپ ئەۋۋەلدە ئىسلام زامانىدا غارغا مەسئۇل بولغان ئەلگى شەيخىنىڭ نەسلىدىن موللا قەمۇش ئوغلى خوجە ئەييۇپ دېگەن كىشىنىڭ قولىنى بېرگەن. ئەييۇپ مۇتەۋەللى بولغاندىن سوڭ غارنىڭ ئىشىك ئالدىغا بىر ئۆي سېلىپ ياخشى قارىغان. ئانىڭ قولىدىكى ئىسپات بۇيرۇق تۆۋەندە كۆرسىتىلەمىن. ئانى ئۆز بويىچە ئارتۇق - كەم قىلماي كۆچۈرۈپ ئالدىم.

ئىسپات تۆۋەندىكىچە:

بىسمى سۇبھان ئەبۇلفەتھ سۇلتان سەئىد بابا-خان باھادىر غازى سۆزىم زەلال فەر سەلتەنەت ھۇمايۇندىن مەئەندەلەت روز ئەفغۇن ساخىب قىران ئەغزەم زۇبدە سەلاتىن ئەرەب ۋە ئەجەم باقۇۋۋەتى بازۇي مۇسۇلمانى فۇرۇغ دىدەئى جەھانبانى رابىتەن ئەمىن بىلاد ۋاستە ئەمان ئىبادىن ناسىب رابات سەلتەنەتى رافىئا ئەئىلام خۇلافات ۋە راي جەمشىد غەر فەرىدۇن خۇرشىد مۇنەززەر خۇسراۋ ئىسكەندەر جاھ سۇلەيمان يەدبەيزا شۇجائەت شۇتار سەخاۋەت دىسار جۇۋانبەخت بەر خوردار قەرىنداشلار بىرلە جەلمۇشە ئىن ئەزىمۇلقەدىر

ئەدىلۇشتە مىس شىبە ۋەلىبەدەر ① قەرزەندلەرغە ۋە
ئۇمراي مەلىك ئاراي ئالىشان ۋەزىراي نىكۇراي كىفايەتى
ئىشان سەدىر سۇدۇرى ئالى مەقام ئۇلاماي ۋاجىبۇلئىھـ
تىرام ۋە قۇززات ئىمام شەرىئەتى ئەنجام نەقەبائى كە-
رام ۋە زۇمرەتى ئەنئام ۋە جۇمھۇر خاس ۋە ئەۋامغە
ئايداغ ۋازىھ ۋە لايىھ بولسۇنكىم خوجە ئەييۇپ موللا
قۇمۇش سەبەب ئوغلى كىچىك ۋە موللا مەلىك بۇ ئۈچ
تۈپلۈك كىشىنى ھەزرەتى سۇلتان ئەسھاب كەھف قۇد-
دۇس سىررەھۇمنىڭ خىزمەتلەرىدا بولغان سەبەبىدىن ئى-
نايات شايانە ۋە ئىلتىفات خۇسراۋانا قىلىپ بىرىنى چى-
راغچى بىرلەرى جارۇبكەش ۋە يەنە بىرىنى بەكاۋۇل
قىلىپ تارخان ② قىلدۇق. ئوغلانلاردىن - ئوغلانلارىغا ۋە
قىزلارىدىن - قىزلارىغا تارخان بىلسۇنلار ئاقتۇر تاھارەت-
لىك سۇلارىنى ھەم قىسماسۇنلار تىنىچ كۆڭۈل ۋە
فەراغ خاتىرلار بىرلە دۇئا ئىلقەيسىغە مۇقەييد بولسۇن-
لار. تارخان قىلدۇق ئىشان ئالىشان سافى بايان كۆرگەچ
تۇرفان ۋىلايەتىنىڭ ھاكىم ۋە دارۇغەلەرى باشلىق تە-
ھسىس ياڭغى ۋە تۇيۇق باھىب تەكبىر ۋە قازىلارىغا

---

① ۋەلىبەدەر دىگەن سۆزدە «ۋە» ھەرپىنىڭ كېرەكى يوق بولسادا، ئەسلى نۇسخەدە «ۋاۋ» يازىلىپ بېلگى قويىلغانلىقى ئۈچۈن، مىندە شۇلاي يازىپ بېلگى قويدىم - ئاپتور

② تارخان - ئىمتىيازغا ئېرىشكەن كىشىلەر بولىپ، ئالار ئالبان - سالىق تۆلەمەيەر-ت

كىلۇر بارۇر ئىشچى كۈشچى سۇچى تۇۋەچى ۋە جەمە-
ئىي ئەلەمدارلار مۇشارىن ئىلەيھىمغە ھىچ خەمىردىن
ۋە ھىچ رەھكۈزەردىن مەزاھىم ۋە مۇتەئەررىز بولغۇچى
بولماسۇنلار ئالبان - ياساق ئۆزگا قونالغە ھاشار مەدى-
كار ئاۋ قۇش تىرە چىقار ئۇلاغ قان چىقار شۇسۇن
تەكلىق قىلماسۇنلار سالماسۇنلار ئالماسۇنلار ھەر كىم
بۇ يۇسۇندىن ئۆزگا قىلسا ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تەئالانىڭ
رەھمەتى مۇھەممەد رەسۇلۇللا شەفائەتى ۋە فەرىشتەلەر-
نىڭ مەئفەرەتىدىن مەھرۇم بولۇپ ھەزرەتى سۇلتان
ئەسھاب تەقسىرغە قال بەل سائىر ئىنسى ۋە جىننىڭ
لەئىنىتىگە گىرفتار بولغاي قىيامەت كۈنى زالىم قاتارى-
دا مەھشۇر بولۇپ ئەزاپ ئەبەدىگە گىرفتار بولغاي دىپ
دارۇسسەلتەنە تۇرفان ۋىلايەتىدە ئەشۇر ئايى چاھار
شەنبە كۈنى تارىخ مىڭ يەتمىش سىگىزدا ساچقان يىلى
نىشان ئالىشان بىتىلدى.

### يوغارغى تېكىستىنىڭ تەرجىمەسى:

ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ، مىن ئەبۇلفەتىخ سۇلتان سەئىد باباخان باھادىر غازى سۆزىم تۆبەندە-گىچە:

سەلتەنەتىمىزغە دىللىكدەن ئاداشماغان ياقتى كۆڭلەردە غالي دەرەجەلى ساخىبقۇران، غەرەب - غەجەم سۇلتانلار-نىڭ كۆچلىسى، مۇسلمان قەبىلەلەر دۇنياسىنىڭ كۆز نۇرى، ئېلىنىڭ ئامانلىقتا غيبادەت قىلۇۋىن ناسىپ ئىتىمۇ-

چى، جەمشىد، فەرىدۇن كىبى نۇرلى، خۇسراۋ، ئىس-
كەندەر، سۇلەيمان شىكىللى ئاق قوللى، باتىر شۇغارلى،
كىشىلەرگە بەخت بېرىۋچى جۇمارد. سەلتەنەتىمىزدە
قەرىندەشلەرنىڭ شانلى مەجلىسىدە ئۇلۇغ قۇدرەتلى،
كۈن نۇرىنداي غەدىللىكىمىز بىلەن فەرزەنتلەرىمىزگە،
پادىشاھلىغىمىزداغى شانلى غەمەلدارلىرىمىزغا ياخشى
فىكىرلى ۋەزىرلەرىمىزگە، يوغارى دەرەجەلى غۇلامەلە-
رىمىزگە، خۇرمەتكە تېيىشلى قازى، ئىمام، شەرىغەتنى
ئۇتۇچىلارغا ھەم بارلىق شەخسي ۋە غاۋاملارغا مەغلۇم
بولسىن!؛ خوجا ئەيىۋپ، موللا قۇمۇش سەبەب ئوغلى
كۈچەك ۋە موللا مۇلۇكدەن غىبارەت بۇ ئۈچ غائىلە
كىشىسىن، خەزىرەت سۇلتان مۇقەددەس ئەسخاب كەھف-
نىڭ خىزمەتىندە بولىۋغا خۇسراۋداي ئىلتىفات تەغيىت-
لەدىك، بىرسىنى چىراقچى، بىرسىنى تازىلىقچى فاراۋچى
يەنە بىرسىنى كۈزەتچىلىككە بېلگىلەپ، تارخان قىلدىق.
ئوغىللارىندان - ئوغىللارىنا قەدەر ۋە قىزلارىندان - قىز-
لارىنا قەدەر تارخان دىيىپ تانىلسىنلار. تاھارەتلىك ئاغىن
سۇلارىن ھەم قىسماسىنلار. تىنچ كۆڭۈللەرى بىلەن خا-
تىرجەم دۇغادا بولسىنلار دىيىپ تارخان قىلدىق. بۇ غالىي
بۇيرىغىمىزنى كۆرگەچ، تۇرفان ۋىلايەتىنىڭ خاكىمى، دۇر-
غالارى تەغىنلەگەن ياڭغى، تۇيۇقلارنىڭ ساخىب تەكبىر
قازىلارىنا بارغان، كېلگەن ئىشچى، كۆشچى، سۇچى،
تۇيەچى ھەم بارلىق غەمەلدارلار بۇ بېلگىلەنگەنلەرگە
ھېچكىمدە دەغۋە قىلىۋچى، زورلىق قىلىۋچى بولماسىنلار،
ئالمان - ياساق، ئۆي - قونالغى، ھاشار - مەتىكار، ئاۋ

قۇشى، ئىشلەتىرگە ئات ـ كۆلىك. سۇيارلىق مال سۇرال-
ماسىنلار. سالىنماسىنلار، ئالماسىنلار، ھەر كىم بۇ بېل-
گىلەنمەدەكىندەن باشقاچا ئىشلەسە، خەق سۇبھانە ۋە
تەغەلەنىڭ رەخمەتى، مۇخەممەد رەسۇل ئاللانىڭ شەفە-
غەتى ۋە فەرىشتەلەرنىڭ مەغفىرەتىندەن مەخرۇم بولىپ،
خەزرەت سۇلتان ئەسخاب تەقىرلەرىنە تۇبەنچىلىك
قىلماغان بولىپ، ئادەملەر ۋە جىنلەرنىڭ لەغنەتىنە يو-
لىغارلار. قىيامەتتە زالىملار قاتارىندا مەشھۇر بولىپ،
ئازابقا ئەبەدى گىرىفتار بولا، دېيىپ سەلتەنەت قۇرىلغان
تۇرفان ۋىلايەتىندە مەشۇر ئايى چاھار شەنبە كۇنى
تارىخ مىڭ يېتىمىش سىگىزدە سىچقان يىلى غالي شان
نىشان يازىلدى.

ئاخىرىنداغى «قال» سۆزىنىڭ ئاخىرىندا بىر ياكى
ئىككى سۆزنىڭ يازىۋى ئۆچىپ كېتكەنگە يازدۇغا بولما-
دى. ئالاقان قەدەرلى ئىككى زور تامغا باسىلغان. خەرىف-
لەرى، سىزىقلارى ئۆچىپ كېتكەنگە ئوقىرغا مۇمكىن
بولمادى.

ئوشى تۆلىيەنامە ئەۋلەتكە، يەغنى قۇمۇش شەيىخ
ئوغلى موللا ئەيىۋبكە، ئانىڭ ئوغلى بوسەغە شەيىخكە،
ئانىڭ ئوغلى غەبدىرەخىمان شەيىخكە، ئانىڭ ئوغلى
خەمىد شەيىخكە، ئانىڭ ئوغلى نەرەر شەيىخكە، ئانىڭ
ئوغلى مىرزا شەيىخكە، ئانىڭ ئوغلى خەلىم شەيىخكە،
ئانىڭ ئوغلى مۇخەممەد شەيىخكە، ئانىڭ ئوغلى پولات
شەيىخكە قالغان. خەزىر ئوشى پولات شەيىخنىڭ قولىن-
دادىر.

ـا، بۇ پولات شەيخ ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى جاھىل-
لىق بىلەن تۇلىبىدە يازىلغان ئۈچ ۋەزىپەندە ئۆز ئال-
دىنا تارتىپ ئالغانلىغىدان بىر مىڭ ئۈچ يۈز ئۈچىنچى
يىلى كۈچۈك مۇللا ۋە موللا مۇلۇكىنىڭ ئەۋلەتلىرى شە-
يىخلىق ئالاشىپ، ئۆزئارا جاڭجاللىشىپ، ئەرزلەشىپ،
ئوشى پولات شەيخقا شېرىك بولغانلار. ئەزىر-سەدەقە
ۋە ۋەقفەلەردىن كېلگەن كىرىملەرنى خەزىردە ئون
جىدى شەيخ ئۆزئارا بۆلىشەلەر. لېكىن پولات شە-
يىخ بارچىسىنا رەئىسلىك تورنىندان فايدالانىپ كىرىم-
نىڭ يارىمىنى ئالا. قالغان يارىمى باشقالارىنا بۆلىنە،
شولاي بولسادا دەۋەلەرى ئەلىگە قەدەر تۈگەمەگەن
ئىكەن. خوكۇم پولات شەيخ فايداسىنا بولا ئىمىش
دىگەن سۆزلەر تارالىپ يۈرە.

## قارشى فىكىرلەر

يوغاردا يازىلغان سۇلتان باباخان زامانىندا ئىلى
دىيارىنداغى زور بىر قەۋۇم بولغان قالماقلار تىيانشان
تاۋلارىندا يەشەپ، تۇرفان، ئاقسۇ، قارا شەھەر رايون-
لارىنى تىنچسىزلاندىرىپ كېلگەچ، خەزىرەتلەرى نىچە مەر-
تەبە قارشى چىقىپ دىنسىزلاردەن مەملەكەتنى نىچە
مەرتەبە سوغىشىپ ساقلاسادا، بىر مىڭ سېكەنىنچى
يىلى غازاتتا خان مەرخۇم شەھىد بولىپ قالماقلار كاش-
غەر شەھەرىنە قەدەر بارالار. ئاففاق خوجە قالماقلار
بىلەن بىتىم ياساپ كېلىشە. بۇ چاقتا قالماق خانى

ئۆلۈپ ئورنىغا قونتاجى تەختكە چىقتى. ئاففاق خوجىنىڭ مۇرىدلىرىنىڭ مەشھۇر دىۋانە مەشرەپ قونتاجىنىڭ تۆيە باققۇچىسى بولغان. قالماق خانى مەشرەپتە نىچە تۈرلى كارامەتلىرىنى كۆرۈپ: «بۇ دەرىجىگە نىچىك يىتىشتىڭ» — دىپ سورى «خەزرەتى ئاففاق خوجامغا خىزمەت قىلىپ يىتىشتىم» — دىپ جاۋاپ بىرە. قۇنتاجى ئىمان ئېيتىپ مەشرەپكە قىزىنى بىرگەنمىش.

مەشرەپ: «ئىسلام دىنىنى كىرگەنىڭ كىفايە. قىزىڭ كىرەك ئەمەس. بىر نىچە يىل خىزمىتىڭدە بولدىم. سىن دىنگە كىردىڭ. مىن مۇرادىما جىتتىم» دىپ غايىپ بولغان ئىمىش. ئاندىن قۇنتاجى خوجامغا ئىخلاسلىق مۇرىت بولغان ئىكەن. ئاففاق خوجا قۇنتاجىنىڭ ياردىمى بىلەن خوتەن شەھىرىنى ئالىپ، پۈتۈن ئالتە شەھەرگە ئىگە بولماقچى بولغان. دىمەك ئاففاق خوجا خۇكۇمىتى پۈتۈنلەي مۇستەقىل ئەمەس. بەلكى قالماقلارغا باغىنىشلى بولغان. قۇنتاجى ئۆز خالقىنىن خەۋپلەنىپ، ئىمانىنى يەشىرىپ يۈرگەن. ئەمما قالماقلارنى ئاقىرىن-ئاقىرىن ئىسلامغا كىرگۈزۈ نىيەتى بار ئىمىش. ئاللا ئالارغا جەننەتنى لايىق كۆرمەگەنلىكتەن قۇنتاجى ئۆلىشى بىلەن، خالقىدا كافىر حەلىنىدە قالا بىرگەنلەر ئىمىش.

خەزرەتى ئاففاق يۇرت كۆرۈپ سەياخەت قىلىپ، يۈرۈپ تۇرفان شەھەرىنە كىلە. ئۇل: كىشىلەر ئەسھاق كەھف مۇندا دىلەر دىگەن سۆز بار. كۆرۈپ باقايىم دىپ، غار-

نى كۆرە شەيخنىڭ چېكلەگەن جېرىندە توقتىماستىن، ئاتىدان چۈشمەي ئۆتۈپ. بۇنى كۆرگەن شەيخ: «توقتىغىن! خۆرمەتسىزلىك قىلساغىز خەلەك بولارسىز!» — دېپ ئەيتىپ ۋىنە قاراماستان ئاتلى كۆيىندە غارنىڭ دەل ئالدىنا بارىپ ئاتتان چۈشە. بۇنى كۆرگەن شەيخ خوجامنىڭ ئاياغىن ئۆپۈپ: «سىز بۇلاردىدا ئۇلۇغ كىشى ئىكەنسىز. كۆپ كىشىلەر بۇ ئەۋلىيەلەرگە خۆرمەتسىزلىك قىلغاندا بەلەگە يولىققان ئىدى» دىيە. شۇندان ئاففاق خوجام غارنىڭ كۈن باتىش ياغىندا، خەزىردە خەزرەتى ئاففاقنىڭ قەدەم جايى دېگەن جېرگە ئورىن خەزرىلەپ قىرىق كۈن ئوتىرىپ غىبادەت قىلىپ، ئەسخاپ كەھف ئوشى غاردالىغىن كەشىپ قىلا. ئاندان شەيخنى چاقىرىپ: «بۇل غارنى ياخشى قاراغىز. زىيارەت قىلغۇچىلارنى خۆرمەتلەپ قارشى ئالىغىز، چۈنكى ئالار ئەۋلىيەنىڭ يىراق - ياقىندان كېلگەن قوناقلارى. كېلگۈچىلەر كۆپەيسە ئاۋرۇ كىشىلەر بولغانلىقدان، ئالارنىڭ ئاتدان چۈشەچەك جېرى ياقىنراق بولسىن» دېپ تاپشىرا. شۇغان خەزىردە يۈز قەدەم قالغاندا ئاتتان چۈشەلەر.

ئاندان ئاففاق خوجا تۇرفانغا كېلىپ شەھەر خاكىمىنە غارنىڭ ئىشىك ئالدىنا گۈمبەزلى مەسجىت سالىغۇغا قوشا. تۇرفان خاكىمى بۇل بۇيرۇقنى ئورۇنلى. خەزىرگى گۈمبەز شول تاپشىرىغ بويىنچا ھىجرىيەنىڭ بىر مىڭ بىر يۈز بىرىنچى يىلىدا ياسالىپ، موللا قەبۇشنىڭ ئەۋلەتلەرىن بالادان بالاغا شەيخ بولا دېيىپ بېكىتكەنلەر، ئانىڭ تارىخى يوغاردا ئەيتىلدى.

غارنىڭ ئىچكەرىسىنە قىتمىردەن ئاشىپ پولات شە-
يىئدەن باشقا ھىچ كىم كىرمىي كىرئۆگـەدە جـۇرئەت
قىلالـمىي، چۈنكى غاردا بىر تۈرلى سىۆز بولىپ كىشى-
نىڭ كۆئلىدە قورقىۇ سالا، قالاي بولماسىن كىرەممىن،
دىپ بارغان كىشنىڭدە يۈرەگى چىدامي، غارغا كىرىپ
ئەسخاپ كەھفىنىڭ قاشىندا ئۆلسەم بەخت، دىپ بارغان
كىشىدە نە ئۆلىرگە، نە كىرىرگە جۇرئەت قىلالمي ئي-
مىش. ئاللا بۇل غارغا شۇندي ھەيبەت بىرگەن.

ئاللا: «لەۋەللەيتە مىنھۇم فىرارەن ۋە لەمۇلىئەتە مىنھۇم رۇغبا» مەغنەسي: ئە-
گەر ئۆلارنى (ئەسخاب كەھفنى) كۆرەدىغان بولساڭ،
ئەلبەتە ئالاردان قاتتىق قورقىپ يۈز ئۆرىپ، چوقىم
قاچقان بولار ئىدىڭ، دىگەن ئايەتى دالالەتى بىلەن
كىشىگە كۆرىنمەس ۋە مەخفي قىلغاندىر.

بۇ غارنىڭ شۇندي سىرلى بولىۋىندا ئىكى تۈرلى
خىكمەت بار ئىمىش: بىرىنچى قايسى ئەسىردە قاچان
بولغانلىغى بىلگىسىز بىر سىر، ئەگەر بىر مىللەتكە خاس
دىپ قارالسا، شول مىللەتكىنە ئالارنى خۆرمەتلەپ باش-
قالار ئىختىبارسىز قاراغان بولار ئىدى. تارىخي زامانى
بىلگىسىز بولغانلىقدان يەھۇدي، خرىستىيان خەتتە مە-
جۇسلەردە ئۆز كىشىلەرمىز، دىپ ئىشانىپ خۆرمەت قى-
لالار. ئاللا ئۆز خىكمەتى بىلەن ئانى مۇسلمان ۋە كا-
فىرلار ئۆچىن سىرلى نەرسە قىلىپ قالدىرغانلىقدان خا-
سيەتلى ئورىن خىساپلانغان.

ئىكىنچى خىكمەتى: ئەسخەب كەھفنىڭ نەق ماكا-

نى يەقىني قايدا ئېكەنلىكى مەلۇم ئېمەس. شۇنىڭ ئۇ-
چۇندە ھەر خالىق، ھەر جېردە بۇڭا ئوخشىغانىراق غار
كۆرسە ئەسھابى كەھف غارى، دېيپ بېكىتىپ ئىخلاس قىلىپ،
ئاللا بىلەن بەندە ئاراسىندا ۋاستەچى ئانىپ دۇغالار ئو-
قىپ تىلەك تىلىيەر.

ئەۋلىيە ۋە خورمەتلى كىشىلەرنىڭ ئىسملەرى قاي
جېردە، قايىسى ئورنىدا ئېكەنلىكى سۆيلەنسە، ئالار-
نىڭ ئەرۋاخلارى شول جېردە خەزىر بولىپ مەدەت، يار-
دەم بېرىشۆلەرىندە رۇخسەت قىلىنغان ئېكەن.

ئەرۋاخلار ھەر ۋاقىتتا ياردەم بېرە. ئاللا دېگەن ئۇ-
مىد بىلەن كىشلەر نىچە كۈنلىك يىراق ياقدان زى-
يارەت قىلۇ ئۈچىن شول مازارلارغا بارىپ، شول تۆكە-
رەكتەگى فەقىر-مىسكىنلەر ئۆز خەلىنچە ئازدىر-كۆپتىر
سەدەقە بېرەلەر ھەم ياخشى ئىش ئىشلەۋلەرىنە سەبەپ
بولا: چۈنكي ئاللا تەغەلە بۇل قالەمنى سەبەپ قالەمى
ئېتىپ ياراتقان. سەبەپلەرىندە بىر-بىرىنە قاتنىشلى،
بەيلەنىشلى قىلغان. مەسەلەن: يولاۋچى بىلەن تۇرغىن
بەيلەنىشلى، باي بىلەن فەقىر بەيلەنىشلى، بولغان كىبى
قالەمدەگى بارلىق نەرسەلەر ئوشىندي بىر قانۇن بو-
يىنچا بولىپ كېلە. مۇندي سىرلارنىڭ خىكمەتىن ئاللا
ئۆزى بىلە. ئاللا: «ۋە ئاتىناھۇمىن كۇللى شەيئىن سە-
بەبەن فاتتەبىە سەبەبەن» دېگەن. مەغنەسى: بىزھەر
قايداق شەيئىلەرنى سەبەپ بىلەن ياراتتىق، سىندە
سەبەپ بىلەن ئىش قىل» دېگەن بولا.

ئەيتۈلەرگە قاراغاندا، ئەسھاب كەھف غارى جېدى

ئورنىدا بولىپ، جيدەۋىدە زىيارەت قىلىنا ئېمىش.

بىرىنچىسى رومدا مەرغەش ۋىلايەتى تارسۇس شەھەرىنە ياقىن ئورنىدا ئاق دىڭگىز ① بويىنىدا لۇبنان تاۋىندا فەلەستىنىدە تارىخ، تەفسىرلەردە يازىلغان ئېلىك مەشھۇرى ئوشى.

ئىككىنچىسى غەدەنىدە دېيەلەر.

ئۈچىنچىسى مەغرىب تاۋلارىنىدان بىر تاۋدا يەغنى ماراكەشتە دېيەلەر.

تۆرتىنچىسى ئەرمەنىيەدە.

بېشىنچىسى ھىندىستان تاۋلارىنىڭ بىرسىندە.

ئالتىنچىسى ئىسپاھاندا. (ئىيراننىڭ ئىسپاھان دېگەن جېرىندە)

جيدىنچىسى چىن (جوڭگو) مەملەكىتىندە، بىزنىڭ ئەيتىپ يۈرگەنىمىزدە ئوشى غار. ھەم يوغارداغى ئېلىك مەشھۇر دېگەن غاردان قالسا، ئاتاقلىسىدا ئوشى.

يوغاردا ئەيتىلگەن جيدى ئورنىنىڭ ھەر بىرسىندە ئەسھاب كەھف غارى دىيىلگەن غار بولىپ، ھەممەسىنەدە زىيارەت قىلىپ ئېسكە ئاللار ئېكەن.

ئەسھاب كەھف دېگەن ئاتاۋنىڭ لۇغات مەغنەسى غار ئىيەسى (غارداغى كىشىلەر) دېگەن بولا. بۇ مەغنەدەن قاراغاندا، ھەربىر غاردا بىرەر غەزىز غىيبادەت قىلغان بولسا، شول كىشىنى غارغا قوشاقلاپ ئەسھاب

---

① تۈركىيە جەغرافىيەلەرىندە ئورتا دېڭگىزنى، ئاق دېڭگىز «بەخىرى سەفىد» دېيەلەر ـ ت

كەھف يەغني بۇ غاردا ئەۋلىيەلەر تۇرۇپ ئاللاغا ئىبا-
دەت قىلغان ئورۇن دېگەنلىكنى مەغنىسىنە ئاڭلاتا. بۇلاي
بولغاندا ئەسخاب كەھف غارى بىر نېچچە جېيردە بولۇ-
ۋىدا ئەجەپ ئەمەس. ئەسخاب كەھفدىن باشقا غارلار-
دا ئىبادەت قىلغان ئەۋلىيەلەر كۆپ. بىز يازغان جېيدى
غارنىڭ بىرسى قۇرئەندە ئەيتىلگەن ئەسخابىنىڭ غارى
بولۇپ، قالغانلارى بىرەر ئەۋلىيەنىڭ ياتقان ئورنى ياكى
قەبرى بولۇپ، بارا-بارا زىيارەت ئورنى بولۇۋىدا
مۇمكىن دېمەك، بۇغاردا ئەيتىپ ئۆتۈلگەن سۆزلەرنى
تەتقىق قىلىشقا ئوڭايراق بولا.

لەكىن سۆز باشىندا ئەيتىلىپ كېلە ياتقان ئوشى
غارنىڭ قۇرئەندە ئەيتىلگەن ئەسخاب كەھف ئىكەنلىكى
بىر نېچچە ياقتان قاراغاندا مۇۋاپىقراق شىكىللى. چۈن-
كى ئالدى بىلەن غارنىڭ ئىشىكى شەرققا قاباراق جە-
نۇبى تارافى بولىشى، ئىككىنچىدەن، قوياش چىققاندا،
ياتقاندا شەۋلە غارنىڭ ئاۋزىنا تۈشىشى، ئەگەردە ئالدىن-
دا بىناسى بولماغاندا قوياش پاتاردان بۇرۇن، غەرب
تارافتا شەۋلە غارغا كىرىپ، باتقان چاقتا شىمال يەغني
شەرق تارافىندان چىقىپ يوغالىر ئىدى. ئالدىنا سالىن-
غان بىنا قوياشنىڭ نۇرىنى توسقانلىغىندان قۇرئەندەكى
ئەيتىلۈكە قارشى ئەمەس. گۈنبەزنىڭ ئىشىكى غارنىڭ
ئاۋزىنا توغرى بولغانلىغىندان، گۈمبەز ئىشىكىنە تۈش-
كەن شەۋلە قالاي بولماسىن غارنىڭ ئىچىنە تۈشەر
ئىدى، دېيىپ ئويلارغا بولا. «رۇخۇلبايان» تەفسىرىندە:
«مازىكىر قىلىنغاياتى مىن تەزاۋۇرلۇشەمس ۋە قەرەزۇھا

قالنغەتۇن ۋەغاربەتۇن قەبىلەئەن سەددە دەقىيانۇس بالـ
بۇل كەھف ئىزلا يۇتەسەۋۋەرۇ دۇخۇل شائۇششەمسن
مننەلبا بۇلمەسدۇد ھەتتا يەھتا جۇئنلەتتە زاۋەرۇ ۋەلـ
قەرەز كەمالا يەخەفا ئىنتىھى ئەيىن غار قىبلەھۇ، مەـ
غەنەسى: ئايەتتە ئەيتىلغۇنچە: كۈن چىققان ۋە باتـ
قان چاقتا دەقىيانۇس بىيكتىسپ تاشلاغان غارنىڭ ئىچـ
ىدە كۈن شەۋلەسى تۈشمى. شەۋلە كۈن چىققاندا ئوڭـ
غا، كۈن باتقاندا سولغا تۈشە، بۇ غار قىبلە ئىختىباـ
رى بىلەن قاراغاندا غەربكە يونەلمى، شىمالي شەـ
رققە يونەلە. چۈنكي ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ قىبلەسى ئوڭـ
دا بولسا سولغا قاراب، قىبلەسى سولدا بولسا ئوڭغا
قاراپ ئوقىلا؛ ديگەننىڭ ئاساسلانغاندا، غارغا قىبلە ئىخـ
تىبارى بىلەن قاراغاندا غەربي ۋە شىمالى تارافى،
غارنىڭ ئۆزى ئىختىبارى بىلەن قاراغاندا شەرقي تاراـ
فىدۇر، چۈنكى «يەمەن قىبلە يەسار ئەلمۇساللا يەسار
قىبلە يەمەنەئەلمۇساللادۇر».

مەغنەسى: قىبلا ئوڭدا بولسا، سولدان ئوڭغا قاـ
راپ، ئەگەر قىبلا سولدا بولسا ئوڭغا قاراپ ناماز ئوقىـ
لا ديگەنى بولا.

تولۇغلار ئايەت كەرىيمەدە تولۇغ ۋە غۇرۇب، (كۈن
چىقىش، باتۇ) قەبىلەز ۋە زال، بەئەدەززەۋال مەفھۇمىندە
(كۈن باتۇدان ئەۋۋەل ۋە باتقاندان كەيىن) دييەلەر.
بەغزىلەرى: «ۋەتەرەششەممسە ئىزا تەلەئەت تەزا ۋەرۇـ
ئەن كەھفىھىم زاتەلىيەمىني ۋە ئىزا غەرەبەت تەقىر
زۇھۇم زاتەششمال». مەغنەسى: «كۈن چىققان ۋاقتتا،

ئالارنىڭ غارىنىڭ، ئۇلۇغ تەرەفىنە ئۆتۈپ كېتكەنلىكىنى كۆرەسىن، كۈن باتقان ۋاقىتتا، ئالارنىڭ غارىنىڭ شىمال تەرەفىنە ئۆتۈپ كېتكەنلىكىنى كۆرەسىن» (يەغنى غارنىڭ ئىشىكى شىمال تەرەفتە بولغانلىغىدىن كۈننىڭ نۇرى غارنىڭ ئىككى تەرەفىنە چۈشۈپ تۇرا. ئاللا ئالارنى خۇزمەتلەگەنلىكتەن، كۈن چىققاندادا، كۈن باتقاندادا، ئانىڭ نۇرى ئالارنىڭ ئۈستىلەرىنە چۈشمەيدى) دېگەن ئايەتنىڭ تەفسىرىن تولىقلاپ مىسال كېتىرىپ مىسالى: بىر سىركول ستىرىلكاسىن ئاچىپ، ئوتقىچىن غارنىڭ جەنۇبىنە، يۈزىنلىشىن (ئۆچىن) غارنىڭ ئىچكەرىسىنە قويىساغىز، قوياش ئۆرلەگەندە ئوتقىچىنىڭ شەرق تارافىندان تۈشكەن شەۋلە، سىركۈلنىڭ غەرب تارافىنداغى ئۈچىندان غارغا كىرىپ، كۈن باتاردا سىركۈلنىڭ غەرب تارافىنداغى ئوتقىچىندان شەرق تارافىنداغى ئۈچىنا تۈشۈپ، ئاندان چىقىپ باتادى. ئاللا تەغالە ئايەت كەرىمەدە «تەقرەز ھۇم» دېگەن سۆز ئوشى مەغنەنى بىلدىرە دىلەر. ئەقلى ئىدراك، كىشىلەردەن سىرت بىر مەغنەدە دېيىمىشلەر.

ئۈچىنچى ئۆتمىشدەگى خىكايەلەردە نادانلىق زاماندان ئوشى كۈنگە قەدەر ئادەملەر ئالارنى خۇرمەتلەپ كېلىۋلەرى، ئەلبەتتە ئالارنىڭ خەقىقي خەللەرىن ئاز-كۆپ بولسادا بىلگەنلەرى، ياكي ئالارنىڭ ئەخۋەللەرىنە ئوخشاش بىر ئەخۋەللەرنى كۆرگەنلىكلەرىنەدە دەلىل بولا ئالا. بولماسادا تاۋلاردا بۇنداندا زور غارلار، چۇقۇر ئۆڭكۈرلەر يوق تۈگۈل. نى ئۈچىن ئالارنى زىيارەت

ئورنى قىلمىلار؟ بىر بىلگىسى بولماسا، كىشىلەر بىكەرگە فايداسىز غارغا ئىشانماس ئىدى. «لايەجتەمىغۇ ئۇممەتى غەلەززالالە» (ئۇممەتىمنىڭ بارلىقىدا قاراڭغىلىقتا بولماغىلار) دىگەن سۆز بار.

دۆرتىنچى: ئاففاق خوجا شىكىللىك پاك ئىشان ئالارنىڭ غارى ئىكەنلىكىنى تەستىقلەگەن.

بىشىنچى: ئالارنى ۋاستە قىلىپ تىلەگەن تىلەكلەر، ئاللا تەرەفىدان قايىل بولۇۋۇغادا تۇرا كىلگەنلەر،

ئالتىنچى: ئىخلاس بىلەن قىلغان دۇغا ۋە مۇناجاتلەرى قابىل بولغان.

يەدىنچى: ئالارغا خۇرمەتسىزلىك قىلغان كىشىلەر بىر زەرەرگە دۇچار بولغان ياكى بىر بەلەگە يولىقىغۇ كىبى ئىشلەردە كۆرىلگەن.

ئوشىندي مىساللارغا قاراغاندا سۆز تالاشۇلارنى قالدىرىپ، مەقسەتتە تۇرۇ ياخشىراق. «ئەلغەلىمى ئىندالاھى يەئەلە مۇلغەيىببە سەۋاھ» (مەغنەسى: غىلىم ئاللادا، ئانىڭ سىرىن بىلەرلىك سەۋىيە يوق).

«مىراتۇلكا ئىنات» دىگەن كىتابتا ئىمام قەففالدەن نەقلەن يازىلغان رىۋايەتدە، غارنىڭ بۇل جىردە ئىكەنلىگىنە قارشى فىكىرى يوق. بەلكى ئەبۇ غەلى ئىبنى سىنادەن تەستىقلەنگەن خىكايەدە، غارنىڭ ئوشى يۇرتتا بولغانلىغى تەكىتلەنە.

مىرئاتىنىڭ سۆزىندە ئەۋۋەل تەفسىرلىبابدە ئەيتىلىۋندە ئەسخەب كەھفىنىڭ زامانى ۋە ماكانى ۋە تۇرىندا ھەر تۈرلى فىكىرلەر بولا: بەغزىلەر بۇلار مۇسا غەلەي-

ھەسەلەمدەن بۇرۇن بولغانلىقتىن، مۇسا پەيغەمبەر تەۋ-
راتنى ئەيتكەن. شۇنلىقتىن يەھۇدىيلەر مەدىنەدە مۇھەم-
مەد غەلەيھىسسەلەمگە بۇ خەقتە سۇئال قويغانلار دىسە،
يەنە بىرەۋلەر، بۇ ئەۋلىيەلەر غارغا خەزرەتى غەيسا
زامانىدىن ئەۋۋەل كىرىپ، غەيسادە بۇلارنىڭ ئەخۋالى
خەقىدە سۆيلەگەن؛ غەيسا كۆككە چىقىپ كېتكەندەن
سوڭ ئالار يۇقىدان ئويانىلار دي. يەنە بەغزى كىشىلەر،
ئالار غارغا كىرىشى غەيسا كۆككە كۆتەرىلىشىدەن سوڭ
ئىدى، دىيىپ ئالاشا، ئاغىن بىر توپ كىشىلەر؛ ئالار ئۆل-
مەدى، قىيامەتكە چاقلى ئۆلمىلەر دىيىپ ئەيتەلەر.
ئاتاقلى غۇلەما قەففالىنىڭ ئەيتىشىۋى: «بىزنىڭ قا-
راشىمىزچە، بۇلارنىڭ ئورنىنى بىلگىلى تۈگىل، ياتقان
جىيرلەرى بىلگىلى — دىگەن، رۇملىلارنىڭ سۆزىنە ئىشا-
نىرغا يارامىي» دىيە.
ئەبۇغەلي ئىبن سينا: فيلاسوف ئارىستوتىل مەتا-
لەھىين - دىگەن بىر خالىق بولغان ئىدى. ئالاردادا
ئوشى ئەسخەب كەھف خەلىنە ئوخشاغان بىر ۋاقىيغە ئۆ-
تىلگەن، لەكىن ئالار ئەسخەب كەھفدەن بۇرۇن بولغان
دىيىپ تارىخدان خەبەر بىرەدى.
ئەگەر خىكايەنىڭ ئاخىرىدە قەدەر ئارىستوتىلنىڭ
سۆزى بولسا، ئەسخەب كەھفدەن بۇرۇندا شۇندى بىر
خەل بولغان بولا. قۇرئەندە ئەيتىلگەن ئەسخەب كەھف
يوغاردا سۆيلەنگەن خىكايەدەن باشقا يەغنى سوڭغى
ئەسخەپ كەھف بولا. ئەگەر خىكايەنىڭ يارىمى ئەبۇغە-
لي ئىبن سينانىڭ سۆزى بولسا، بۇنىڭ زامانى بىل-

گەمسىز بولغانلىقىدىن، ئەبۇ غەلي ئىبنى سىنا بۇ تا-
رىخنىڭ باش - ئاخىرىنى قالاي بىلە دىيىپ ئويلارغا تو-
غرى كيلە، ئارىستوتېلنىڭ «مەتالەھىين خەلقى» دىگەن
سۆزىنىڭ ئىككى تۈرلى مەغنەسى بار. ھەمزە بىلەن بول-
سا مەتالەھىين - مەتەفائىلۇن ۋەزنىدە ئىلەئىتىغاز (ئال-
لا تۇتۇچىلار) بولا. ھەمزەسىز بولسا «مەتالەھىين» مەغا-
فىلۇن ۋەزنىدە ئەسلى ئىككى سۆزدەن ياسالغان سۆز بو-
لىپ «مەتە» بىلەن «لەھىين» دىگەن سۆزنى قوشۇپ
ياسالغان سۆز بولا. «مەت» نىڭ مەغنەسى تۆبەنىدەن
سۇ چىغارۇ، «لەھىين» يولاۋچىلار كيلگەنىدە، ئەكىلىنگەن
ساۋغا-تارتۇ دىگەن مەغنە چىغا. بۇلاي بولغاندا تۈرفان
ۋىلايەتىنە باشقا جيرلەردەن كيلۇۋچىلەر، ۋىلايەتتەن
قايتارىندا ساۋغا - بۇلەك ئۈچىن يۈزۈم، ئالما، ئانار، چى-
لان جيىمىشلەرنى ئالا كيتكەنلەرىندەن «مەتەلەھىن»
سۆزلەرنى قوشۇپ يەغنىي، بۇ جيمىشلەر قۇدۇق سۇۋ
بىلەن سۇغارلىپ تەربىيەلەنگەن دىيىمۇلەرىدە مۇمكىن
دىيىپ ئويلارغا بولا. چۈنكى بۇ ئاتىرافىنىڭ ئاغىن سۇۋى
يوق. كۆپچىلىگى كارىز قازىپ سۇ چىغارىپ ئيگىن سالا-
لار، باقچا ئۆستىرەلەر. بۇرىنغى ۋاقىتلاردا ئوقۇمىشلى
كىشىلەر شۇندي سۆز - لۇغەتلەر بىلەن سۇيىلەۋلەرىدە
مۇمكىن. يوغاردا ئەيتىلگەن ئىككى مەغنەنىڭ قايسى
بولسادا جيدى تەۋلىيەنىڭ ئوشى ئىلدە ئيكەنلىكىدە
ئيسبات - دەلىل بولا ئالا.

بۇ ئۆلكەنىڭ خالقى ئيسلامغا كىرىۋلەرىندەن بۇ-
رىن مەجۇسي ئيدىلەر. ئالاي بولسا «مەتەلەھىين» بو-

لۇلارنىندە شۇمبە يوق، ئىككىنچى مەغنەدە ئاڭلاساق قۇدۇق قازىپ سۇ چىقارۇ خەرەكەتلەرى ئىسبات بولا.

فيلاسوق مەرخۇمنىڭ ئەسخەب كەھفنىڭ ئەخۋەلىنە ئوخشى ديگەنىدە، ئالارنىڭ ئوشى جيرنىڭ ئادەملەرى بولمۇنى ئاڭلاتا.

بەلقىس خيكايەسىدە شول شيكللى سۆزلەر بار.

ئارىستوتېل بولسا بۈتۈن دۇنياغا تانىلغان فيلاسوف ئيكەنلىگىن تارىخچىلار ياخشى بىلە، ئانىڭ خەلىنەن ئازىراق ئەيتەيىك. خەكىم ئارىستوتالىس ديگەن سۆزنىڭ مەغنەسى: بىلىملى، ئالانتلى، سىرلى خىكمەتلەرگە قىزىقۇچى ديگەن بولا. شول مەغنەدە بولۇ ئۈچىن ئارستوديپتە يۈرتەلەر. ئاتاسى نىكوماخىس غالىم، فيلوسوف هەم تەجرىبەلى تابىپ بولغان كىشى. ئافلاتون بىلەن غەسىردەش ئيدى. ئارستوتىل 17 يەشىندە ئەفلاتونغا شەكرت بولغان، جىگىرمە يىلدان ئارتىق ئوقىپ ئۆيرەنىپ، غالىملىق دەرەجەسىنە جيتكەن. زيرەك بولغاچ، ئەفلاتون ئانى: غەقىلنىڭ ئۆزى - ديىپ ماقتاغان. ئەفلاتون ئۆلگەندە ئورنىدا مۇغەللىم بولۇپ، غىلمى مەنتىقنى ئيجات ئيتكەن. زامانىسىنىڭ پادىشاھسى ئارىستوتىلغا بيش يۈز مىڭ فىلۇر (ئيسكى يۇنان ئاقچاسى) بيرىپ ئانىڭ سىرتىندا، يۈز يىگىرمە مىڭ فىلور مەغەش تەغيىنلەگەن. ئولغاجايىپ فەنلەر، غارايىپ خيكمەتلەر خەقىندە يۈزدەن ئارتىق كيتاب يازىپ قالدىرغان، «خەۋۋاس ئەخجارى» (تاشلارنىڭ خەسيەتلەرى) ديگەن كيتابىندا ئالتى يۈز تۈرلى تاشنىڭ خاسيەتلەرىن سۆي-

لەگەن. ئالېكساندىر ماكېدونىسكىغا بېش يىل مۇئەللىم بولۇپ تەربىيەلەگەن، 67 - 68 يەشلەرىدە ۋاپات بول-دى.ئالېكساندىر ماكېدونىسكي ئانىڭ تەربىيەسىدە زور پادىشاھ بولغان. ئارىستوتېلنىڭ تەغلىمى ئارقىلى ئىس-كى يۇناندە پۈت پەرەسلىك تۈگەتىلىپ قابا ساقاللىق گې-رېكلەر مەدەنىيەتلىي بىر خالىقلا ئۆزگەرگەن.

ئارىستوتېل غېلىمگە بىيك بېرىلگۈچى كىشى بولۇپ، سۇئال سۇرالسا باشىن تۆبەن سالىپ ئويغا كېتىپ ئاز-قىسقا جاۋاپ بېرە ئىكەن. كۆپىنچە سەخرالاردا، سۇ بويلارىندا، ئورمانلىقلاردا تۈرلى تاۋۇشلارنى ئىشىتكە قىزىققۇچى كىشى بولغان. غېلىملەر خەقىندەكى بەخس-مۇنازىرلەرگە قاتناشا ئىدى. بەخىلەردە خاتالىق جىبەر-رىپ قويسا، ئۆز خاتالىقىنى ئىختىيارى قىلا تۈزغان، تۇر-مىشتا غاددي - ساددە ئورتاچا ئۆتكەن، مەشھۇر شەكىرت-لەر جېتىشتۈرگەن كىشى. مال - دۇنياغا قىزىقماستان مەكتەپ، مەدرەسە ئاچىپ كىشىلەرنى تەربىيەلەگەن. ۋافات بولغاندان كەيىن دەفىن قىلىنغان جېرى ئىستا شەھەرى. شەھەر خالقى بىرەر قىيىن مەسئەلەگە ئۇچرا-سالار ئانىڭ قەبىر باشىندا كېڭەشۇ كىشىلەرگە غاقىل بېرە، مەسئەلە ئوڭاي خەل بولا دىيىپ ئىشانىغانلار.

ئارىستوتېل خەقىندە يازىلماغان خاتىرەلەردە مەن-تىقە غېلىمىن ئىلك ئىلىك يازغانلىغى ئۈچىن بۇ غېلىم-دە بىرىنچى مۇئەللىم دىيىپ ئاتاغانلار. ئانىڭ تەغلىمەتىن-دە 16 مەسئەلە سۆيلەنە.

بىرىنچى مەسئەلەدە: ئاللانىڭ بارلىغىن ئىسپاتلي.

مەنتىقە قۇۋۋەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بولغانلىقىدىن، ئەۋ-
ۋەل ھەرىكەتلەندۈرگەن كۈچ بارلىق ھەرىكەتنىڭ باش-
لاۋچىسى دۇر، ھېچ بىر ھەرىكەت، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ-
دىن ئايرىلالمايدىكەن، ئالاي بولغاندا سىلسىلە (زەن-
جىر، باغلىنىش يا سەپ)، ئاننىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى يەنە
ئاننىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى دەپ ئۈزلۈكسىز توغرى كېلىدۇ.
ئەمما سىلسىلە قۇۋلاشتۇرۇش خاتا بولغانلىقتىن بىر قوز-
غاتقۇچى يەنە بىر قوزغاتقۇچىغا بېيلىنە دېمەك، دۇنيانى
ياراتقۇچى ئاللا يەنە باشقا كۈچكە بېيلىنىدىكەن، ئاندىن
پايدىلىنىشقا مۇھتاج ئەمەس. ھەر بىر بارلىققا كېلىش
پەقەت ئاللانىڭ يارىتىشىغىنە مۇھتاج.

ئىككىنچى مەسىلە: ئاللا بىرگىنە، يەنى ئالەمنى
ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئەۋۋەل ئىسىم بىلەن زات بىلەن
مەۋجۇت بىرگىنىدۇر. دېمەك ياراتقۇچى ئالەمدە بىر
بولۇشى بارلىق ئېتىقاد كىتابلىرىدا يېزىلغان. بۇ
سۆزلەردىن قارىغاندا ئارىستوتېل زامانى — ئالېكساندىر
ئىككىنچى زامانىدا توغرى كېلىدۇ، ئىندى ئىسكەن-
دەر بىرىنچى بولسا قۇرئەندە ئەيتىلگەن ئۇ-
لۇغ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين يۇنانىي بولۇپ، ئۇل ئىس-
كەندەر ئىككىنچى زامانىدىن ئىككى مىڭ يىل ئەۋۋەل،
ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن ئۈچ يۈز يىل ئەۋ-
ۋەل ئۆتكەن.

بۇ تارىخلاردىكى بىر-بىرىنە قارشى سۆزلەرگە
قارىغاندا ئەسەب كەھف ئەيسا ئەلەيھىسسالامدىن
بۇرۇن بولغان دېگەن سۆزى قۇۋۋەتلىك. بۇنىڭغا دەلىل پې-

لوسون خەزىرەت غەيسادەن بۇرۇنقى كىشى بولۇپ، ئە-
خەب كەھق خەلىقە ئوخشاغان بىر ئەخۋالنى سۆيلەگەن
دىگەن رىۋايەت بار.

يەنە ئەۋۋەلقى سۆزىمىزگە قايتىق:

ئىيندىكى سۆزىمىز ئەسخەب كەھفىنىڭ مەكانى يەغ-
نى ياتقان ئورنى ئايەت، خەدىس بىلەن ئىسپاتلانما-
غان ھەم بۇل تۈرلى تالاش - تارتىشلاردا قوتىلا ئال-
ماغان ئەخۋالدە خەقىقەت بولماسادا بىر ئورنىغا، بىر
جيرگە خاس ديپ خۆكۈم قىلساقتا، ئىختىمالدىقا زارار
كيلمي، چۈنكى ھەر بىر كىشى ھەر تۈرلى فاكتلارغا
قاراپ ئەقلي ئويلانۇلارى ئارقىلى، ئۆزى كۆرگەن جير-
لەرگە قاراپ ئىشانىش بىلەن خۆكۈم قىلىۋلارىدا تو-
غىرلىققا ياقىندىر. ئالارنىڭ ئەخۋالىنە ئوخشاغان خەل-
لەرنى، ئاڭا ئوخشاغان غارلارنى «ئولدا ئيمەس، بۇلدا
تۆكىل» ديپ بارلىغىن يالغانغا چىغارىپ، كىشىلەرنىڭ
ئەقىل - فىكىرلەرنى شۆھبەلى قوزغاۋلارغا سالىماق. ئيس-
كەرتىۋ بىلەن ئىسپاتلانغان ئەسخەب كەھفىنىڭ بارلىغىن
تەمامەن بۇتۇنلەي يالغانغا چىغارىۋ بولا. غەۋام خالىق-
نىڭ ئىشانچاسىن ساقلاۋ ئۈچىن كىشىلەر قاي جيردە
بولسىن، ئەسخاب كەھفىنىڭ غارى ديپ خۆرمەتلەسە، ئانى
دۇرۇس ديپ بىلىپ، ماقۇل كۆرىپ، كىشىلەرنى زىيارەت
قىلىۋغا قىزىقتىرغاندا فائىدا بارلىغى ھيچ كىشىگە يە-
شىرىن ئيمەس. خۇسۇسەن خيكايەمىزدەگى غار بيش-

ئون يىللىق ئىچىندە ئىمەس، قاي زامانلاردان بىرلى
زىيارەت ئورنى بولىپ، كىلگەنلىگى يوغاردا ئەيتىلىپ
ئۆتتى.
ئاتارستان دىيىپ ئاتالىپ كىلگەن ۋىلايەتتەگى بار-
لىق مۇسلمانلار،قانچا زامان، قانچا يۈز يىللاردان بىر-
لى بۇلارنى خۇرمەتلەپ ساقلاپ كىلگەنلەر. خەزرەتتي
ئافغاق خوجا شىكىللى ئاتاقلى كىشىلەردە ئول جىرنى
زىيارەت قىلىشغا رۇخسەت بىرگەن. بىرقانچە ئىسلام پا-
دىشاھلارى ئول جىرلەرنى ياساپ، تۈزەپ خىزمەت كۆر-
سەتكەن ئىكەن. شول چاقتادا غۇلەمالەر، ئەگەر شەرىغەت-
كە قارشى ئىش بۇلغان تەقدىردە - دە خانلارنى بۇ ئىش-
تەن تىيىا ئالماسلاردا، غەۋەم فۇقرانى تىيغان - توسقان
بولار ئىدى. دىمەك ئالار بۇل غارنىڭ خەقىيقى ئەخ-
ۋەلىن بىلگەنلەر، ياكى راسلىغىنا خۇججەت بۇلىرلىق بىرەر
ئىشلەرنى كۆرگەنلەر. شۇڭا كۆرە زىيارەت ئورنى
قىلمىشلار. شولاي دىمەك تەفسىر، تارىخلارغا مۇۋافىق
بولىشى مۇمكىن.
ئەۋۋەلگى كىتابلاردا ئەسخەب كەھف رۇمدا ئۆتكەن
دىگەن سۆزنى ئوشى رۇمچە (ئۇرۇمچى) دىيىپ توشىنىشۇ-
چىلەردە بۇرۇندان بىرلى رۇمچە شەھەرى مەركەز بو-
لىپ كىلگەن، بۇ دىيارنىڭ خاكىملەرى ئوشى رۇمچەدە
بولغانلىقدان شۇغان قاراپ بۇ ۋىلايەتنى رۇمچە ۋىلا-
يەتى دىگەنلەر. بۇ ئىسم كۆپ زامان قوللانىلىپ كىل-
گەنلىكدەن كىتاب يازۇچىلار «چە» سۆزىنى «چى» گە
ئۆزگەرتىپ كىتكەن دىيىپ، بارلىق ئالتى شەھەرلىكلەر،

بولۇپمۇ تۇرفانلىقلار بۇ سۆز تالاشىشىدا بىيك نىقلى دە-
غۇلەشەلەر. بۇ ھەقتە يوقارداغى «رومچە» مەۋزۇغىندە
ئەيتىلىپ ئۆتۈلگەن ئىدى.

مېن بۇ سۆز جەيىندە بىر موللا بىلەن ئۇزاق بەخىسلەشتىم. تۇرفاندا ئىمەس باشقا ئورۇندا دېيىلگەن- دەكى رومنى رومچەگە سۆيرەپ كېلىپ ياقىنلاشتۇرۇ تۇرا ئىمەس. رومداغى غارغا خەزرەتى ماغاۋىيە بارماقچى بولغاندا، خەزرەتى غابباس توسقان يەغنى قارشى چىققان ئىكەن. باشقا كىشىلەرنى جىبەرىپ، ئالار غار- غا كىرمەك بولغاندا «بۇرۇلۇپ قاچارسىڭ، كىرىۋگە چىدايالارمىسىڭ» دېگەن خىكايەلەر، تەفسىرلەر، تارىخ- لاردا كۆپ ئەيتىلگەن سۆزلەر، يەنە خەزرەت ماغاۋىيە بۇل ياقىقا كېلگەندە ئىمەس دېگەندە، مۇجىپ ئاخۇن تىزەلەنىپ ئوتىرىپ بىيك تۆبەن تاۋۇش بىلەن يۇۋاش خەلدە بۇلاي دىيىپ جاۋاپ بېردى: «مېن ئالدى بىلەن بۇ فىكىرگە قوشۇلمىيمەن، چۈنكي خىكايەلەردە بىر كىشىنىڭ سۆزى ئىسفات بولالمي، مۇندي خەبەرلەرنى يازغۇچىلار بىرسىدەن بىرسى فايدالانىپ، كۆپ كىشى ئىسفاتلاسا كۆچكە ئىيە بولا. يەنە بىر تارافتان قوشۇل- ماقچى بولسامدا، خەزرەتى ماغاۋىيا، خەزرەتى غابباس دىيىۋ بىلەنگىنە سەخەبە غابباس ياكي ماغاۋىيە بولىشۇ- لارى شارت ئىمەس. بۇ ياقىلاردا سوغۇش قىلغان باش- قادا غابباس، ماغاۋىيە ئىسىملى كىشىلەر بولغاندىر. خەزرەت دىگەن سۆزنى قوشىپ سەخەبە ئىكەنلىگىنى ئىس- فاتلاۋغا بولمي. بۇ ئىسىملى كىشىلەر ھەر غەسىردە،

خەتتە ھەزىردە-دە كۆپ تۆكىلمى؟» دېپ دەلىل كۆرسەتتى.

ئىككىنچى مەسىلە: ئەسخەب كەھفىنىڭ بولغان شەھەرى ئېفسوس ئىكەن، بارا-بارا تارسوسقا ئۆزگەرگەن، دېگەن سۆزلەر بار. زامانلار ئۆتىشى بىلەن ئاتاۋلار ئۆزگەرىپ كېتىشى بار ئىش. ئالاي بولغاندا تارسۇسدان تۇرفۇنغا ئاندان تۇرفانغا ئۆزگەرگەندە مۇمكىن. ئىلگە ئۇشاي بولىشى ئۇچىن ئۆزگەرىلىپ كېتە. تۇرفانلىقلارنىڭ تىلى تۈركىي تىللەرنىڭ بىر تۈرى بولىپ، باشقا تۈركىي تىللەرگە قارىغاندا تولىق ئەيتمەۋ، قىسقارتىپ سۆيلەۋ، ئۆزگەرتىپ يىبەرۋلەرى كۆپ كۆرىنە. ھەزىردە-دە تۇرفان دېگەن سۆزدەگى «ر» تاۋۇشىن تاشلاپ قويىپ «تۇفان» دېيەلەر. ئالاي بولغاندا ئۇ قىياس بىلەن تارسۇس، تۇرفان دېگەن سۆزلەر ئەگەر «ف» («فا») بىلەن «س» («سىن») خەرىفلەرنى مەخرەجدە ياقىن بولماسادا ئېيتىشتۇدە تاۋۇشداش ياقىنلىق بارىن ئويلاغاندا تارسوس دېگەن سۆزنىڭ «س» خەرىفى «ف» خەرفىنە ئۆزگەرىپ تارفۇس، شۇلايۇق «س» خەرىفى بىلەن «ن» خەرفىنىڭ ياقىنلىغىندان تۇرفۇن بولىشىدا مۇمكىن. ئەگەر شوندي يوللار بىلەن تۇرفۇندان، تۇرفان بولدى دېپ بەخس قىلىشساق، يەنە ئارتىقچە دەلىل، قىياسلار كېرەكتە بولمي، سۆيلەگەندە تاۋۇشلار ئۆزگەرۇ، ئالماشۇ مىساللارى كۆپ. مەسىلەن: ئالىپ-كېلىپ دېگەننى، ئاپ-كېپ دېپتە ئەيتەبىز. تاغىن بىر مىسال: ئازاربەيجان ئىسمى ئەۋۋەلدە ئازار بايكان

دېگەن سۆز ئىكەن، ئازاربەيجان بولۇپ ئۆزگەرگەن.
بۇڭا دەلىل كيلتىرىپ تۆبەندەكى خيكايەنى سۆيلەيلەر:
شەھەر سالىنىۋدا، شۇ زامانداغى پادشاھ ئەۋۋەلدە ھەر
بىر كىشى بىر ئىتەك تۇفراق كيلتىرىپ تۆكەرگە قوش-
قان. تۆكىلگەن تۇفراقتان بىيىك تۆبە ياسالغان. شول
تۆبەنى ئازار بايكان دېپ ئاتاغانلار. تۈركي لۇغاتىندە
«ئازار»— بىيىك دېگەن بولا، بايكان — غەزىم، ئۆلۇغ
دېگەن بۇلىپ يەئني ئۇلۇغلار، كىبارلار مەرتەبەسى، دې-
گەن سۆز بولا. ئىستانبۇل شەھەرىنىڭ ئىسمىدە ئىس-
لام دىنىنە جىتكەنچە كۆپ مەرتەبە ئۆزگەرگەن. مەس-
ئەلەن: كونستانتىنۇپول، ئىستانبۇل، ئىسلامبول بولىپتا
ئاتالغان. ئىستانبولنىڭ ئورنىندا ئەۋۋەلدە لىگوس دې-
گەن كىچىكەنە بىر ئاۋىل بولغان. كەيىن يونان ئېلى
كېلىپ ئورناشقان. ئاۋىلەنىڭ ئىسمى شول مۇناسەبەت
بىلەن بىرانسقا ئۆزگەرگەن. كەيىن شەھەر زورايىپ،
مەشھۇر رۇم دەۋلەتىنىڭ پايتەختى بولغان چاقتا ئىمپې-
راتور كونستانتىنىڭ ئىسمىندە كونستانتىنوپول بول-
غان. يونان تىلىندە «پول» شەھەر دېگەن بولا. بۇلدا
بارا - بارا ئىستانبۇل ئاتالىپ كېتكەن. جەغرافىيەلەردە
يەنە تسارگىراد، مىكلانپارد دېپتە ئۆزگەرتىلگەن دېگەن
سۆز بار. ئىسلامغا ئۆتكەندەن سوڭ غەرەبچە «ئىسلام»
ۋە يونانچە «بۇل» دېگەن ئىكى سۆزنى قوشىپ ئىس-
لامبۇل، يەئني ئىسلام شەھرى دېگەن مەئنەنى بىل-
دىرە. شۇنىڭ شىكىللى ماقالەمىزدەگى تورسوس - تۇرفۇل-
ما، ئاندان تۇرفانغا ئۆزگەرمەگەن دېيۈگەدە بولمى،

بۇل ئىككى شەھەرگىنە ئىمەس؛ يۈزلەپ، مىڭلاپ ئۆزگەرتىلگەن جايلار بار ئىمەسمى.

بىر ئىشانچلى كىشىدە: تۇرفان شەھىرى قايسى زاماندا قۇرۇلغان — دېپ سورىغانىمدا، «ھەقىقەتىن ئاللا بىلە، لېكىن ئىككى مىڭ يىلدىن ئاشقاندۇر دېپ تويلاۋفا بولا، ئىككى تۇرفان دېيىپتە ئاتىلار، ئىسلامغا كىرگەنىدە مىڭ يىلغا يېقىندۇر» — دېدى. ئاستانا شەھىرى تۇرفانداندا بۇرۇنلىقى ئانىق، لېكىن قانچە بۇرۇنلىقى مەغلۇم ئىمەس. بۇ ۋىلايەتنىڭ ئىسلامغا كىرىۋى سۇلتان بۇغراخان زامانىدا دېيىۋچىلەردە بار. بۇغراخان سامانىيە سۇلالەسى ئەمىر نوخ بىننى مەنسۇر بىلەن غەسىردەش. ھىجرەتنىڭ ئۈچ يۈز سېكسەنىنچى يىللارىدا ئارادا سوغىش بولىپ، ئەمىر نوخ جېڭىلىپ قاچقان. بۇغراخان تۈركلەر ئىلىدە ئاتاقلى خان بولغان. بۇنىڭ تەخۋىلىنى ئىككىنچى كىتابتا يازارمىن.

خەيەتۇلخەيۋەندە تورسوس شەھەرى ئالىبستان شەھەرىنە ياقىن خاراپ بولغان بىر شەھەر، ئەسخەب كەھف غارى شول جيردە دېيىلگەن. ئالىبستاننىڭ «ئا» سى بىلەن «ل» خەرفىنى قالدۇرساق «بستان» بۇلا. خاراپ شەھەر دېگەنى خەزىردە-دە خارابە دەقىيانۇسدىن قالغان قورغان دېيلەر. ئاستانا شەھەرىندە ئۆشى قورغاندان ئالىس ئىمەس. يوغاردا ئەيتكەنىمىزدەي ئاستانا ئىسمى ياكى ئالىبستان ئۆزگەرىپ ستان بولغان، ياكى خەزرەتى ئالىپ-ئاتانىڭ جەسەدى شول جيرگە قويۇلغانلىقىدان ئاستانا ئاتالغان.

ئاستان، ئاستانا دىپ يوقلاماق، دىم ئالىپ رەخەت ئالاتۇرغان ئورىنلارغا ئەيتىلە. ئەۋلىيەلەرنىڭ كۆمىلگەن ئورىنلارىنى ئاستانا دىيۈدە شۇغان غەلەقەسى بار. ئە-ۋەلگى ۋاقىتتا ئالىپستان بولىپ شولاي ئاتاسادا غەجەپ تۈگىل. غەرەبچەدە غالىپ دىپ خەر ئىشدە، سوغىشلاردا جىڭگۈچىنى ئەيتەلەر. تۈركي تىلدەگى ئالىپ دىگەنىدە شۇل مازمۇندا، ئەۋۋەلگى زامانلاردىغى غالىپ، ئالىپ دى-گەن ئاتاۋلارنىڭ ئورنىنا خەزىرگى ۋاقىتتا بەھادىر، پالۋان سۆزلەرى قوللانىلا.

ئەسخاب كەھفىنىڭ زامانى ۋە ئورنى خەققىندە بىر-بىرىسىنە ئوخشاماغان فىكىرلەر بولغان كىبى. ئەھلى كىتاپ سۆزلەرىندە - دە ئالارنىڭ سانى نىچە كىشى ئىكەنلىگى تۈرىندا تالاشلار بار.

يەھۈدىلەر: ئالار ئۈچ كىشى ئىدى. دۆرتىنچىسى ئىت دىيسە، خرىستىيانلار بىش كىشى ئىتى بىلەن ئال-تى دىيەلەر.

ئالارنىڭ سۆزلەرىدە خەقىقي ئىمەس، ئويىچا ئەي-تىلگەن سۆزلەر. مۇسىلمانلار پەيغەمبەرىمىزدەن، ئۇل جەبرائىل غەلەيھىسسەلەمدەن ئىشىتكەن نىگىزگە قا-راغاندا، جىدى كىشى، سىگىزىنچىسى ئىت دىيەلەر. ئاللا قۇرئەندە ئەۋۋەلگى ئىيكى دىندەگىلەرنىڭ سۆزىن رەت قىلىپ «سەبەتە ۋە سامىنۇھۇم كەلبۇھۇم» يەغنى: جىدى، ئىت بىلەن سىگىزدي، غەرەب گرامماتىكا-سىندە «ۋە» بىلەن - دىگەن مەغنەدە. «ھۇم» ئالار-دىگەن مەغنەدە. بۇلاي بولغاندا «جىدى» ئالار ئىتى بى-

لەن ئېيتىمىز — دېگەن بولا. بۇ سۆزگەر بارلىق تەفسىر-چىلەر قوشۇلالاز.

شولايوق ئىسملەرى تۈرىندادا فىكىرلەر ئاز تۈگۈل. خەزىرەتى ئەلىينىڭ ئەيتىشىنچە: يەملەيخا، مەكشىلىينا، مەسلىينا بۇ ئۈچەۋى دەقيانۇسنىڭ ئوڭ قول ۋەزىر-لەرى. مەرنۇش، دەبەرنۇش، شازنۇشلار سول قول ۋەزىرلەرى. چوپاننىڭ ئىسمى كىيشىتتىيۇش، ئىتنىڭ ئاتى رىيان ئىكەن. خەزىرەتى ئىبنى ئابباسنىڭ ئەي-تىشىچە: مەكسالمىنا، يەملەنخا، مارتونس، نىينيونس، سارىنوس، دەۋەنىۋاس، كىشىتىتيونيس، ئىتنىڭ ئاتى قىتمىر ئىدى، دىيە.

«ئەرايىس سەئەلەبە» دە خەزىرەتى غەلىي ئەيتىشىن-چە: يەملەيخا، مەكسەلمىنا، ماشخىيىما، دەقيانۇسنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلەرى. مەترۇش، كەشتۇنش، شادىنۇشلار سول قول ۋەزىرلەر ئىدى. «قامۇس» تا مەكسەلمىنا، يەملەيخا، مارتوش، بەۋالىيسن، سانيوس، باتنيوس، كەفەشتۇتيت دىيىلە. يەنە بەغىزلەرىنىڭ سۆزلەرىندە: مەليخا، مەكسىنا، مارتۇس، نەۋانيس، ئارستانۇس، ئاۋ-نوس، كەندى سەلەتتيوس، يەنە بەغزىلەردە: مەكسەل-مىنا، يەملەيخا، مارتونيس، سارىيونيس، تىبونيس، كە-فەشتاتيوش، دونەۋاس، دىيەلەر، يەنە بىرەۋلەر: مەكسال-مىنا، يەملەيخا، مارتونيس، يونيس، سارينۇس، باتنيوس، كەشفۇتات دىيەلەر. ئىتنىڭ ئىسمى ئۈستىندە يوغاردا ئەيتىلگەن ئىكى ئىسىم رىيان بىلەن قىتمىردىن باش-قادا بەغىسلەشلەر بار. ئىمام نەۋۋاغى ئىتنىڭ ئاتى

سەپەر دېسە، شايىبۇلغەممالي خۇمران دېيە. ۋاھاپ خە-
زىرەتلەرى ئەقىيادىيە. ئىبنى چەرسىرنىڭ گەيتىشۇنچە
ئەسخەب كەھفىنىڭ ئىتىنىڭ ئاتى ئارسلان ئىدى. ئارس-
لاننى غەرەبچەدە «كەلىب» دېيىتە ئاتىيلار دېيە. ئىت-
نىڭ تۈرى، تۈسى توغرىلىقدا ھەر تۈرلى ئەيتىلگەن
ھەزرەتى ئىبنى غاببىاس رەزىيالىلاھى تائالا سۈرى
ئىت دېسە، يەنە بىر رىۋايەتتە قىزغىچ ئىت دېيىلگەن.
مەقاتىل ھەزرەتلەرى سارى ئىت دېيە، ئىمام قۇرتىبا
سارىلىغى قىزىل دېيەرلىك دېيە. كەلەبى رەخمەتۇللاھى
تائالا ئالاتۈسلى دېيە. يەنە بىرەۋلەر كۆك ئىت دېيە.
قارا، ئاق قىزغىچ، ئالا - دېپ، ئالاشۇچىلاردا ئاز ئىمەس.
راستىنى ئاللا بىلە.

غارنىڭ ئۇرنى جىيدى جىيردە دېگەن بىلەن بىت-
شەۋسىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق. ھېچ كىم بارىپ
زىيارەت قىلمي، شۇندادا يىراقتان بىرەر تاۋنى كۆر-
سەلەر، كۆپ كىشى بىلمي ئوشى تاۋنىڭ فەلەن جىيرىت-
دە ئىكەن، دېپ يۈرۈچىلەردە بار. لەكىن ئانىغى ئىكەۋ،
بىرسى رۇم ۋىلايەتىندە، ئانداغى غار كىتابلارغا
يازىلغان كىشىلەرگە مەشھۇر. تۇرفانداغىسى تىللەردە
ئەيتىلىپ يۈرە. كۆڭىلدە شول دېپ ئىسفاتلىيلار، ئىكى
غارنىڭ ئىكىسىندە كۆرگەن سەياخەتچىلەر غار ئاتىرا-
فىنداغى خارابەلەرنى كۆرىپ، بىرسى - بىرسىنە ئوخ-
شابىراق قالغان جىيرلەرنى خىيالىندا مۆلچەرلەپ،
ئەسخاب كەھفىنىڭ خىكايەلەرىنە مۇۋافىق شەھەر، پا-
دىشاھ سارايى، پايىتەخت بولغانلىغىن، پادىشاھ كافىر

خالىقنى جەھپەرلەپكەنلەرنى، بارلىقىنى غارغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئەلبەتتە ئايەتنى ئۇشىنى دېپ ئىشىنالار. ھەقىقەتتىن ئاللا بىلە.

ھەر ھالدە قايدا بولسادا ئەسھەب كەھف غەلەيھى رەھمىلەر قەدىرلى ئۇلۇغ كىشىلەر ئىكەنلىگى ئانىق. ئاللا ئالار تۇرىسىدا قۇرئەندە ئەيتكەن. يىلىنا ئىككى مەرتەبە فەرىشتەلەر ئالارنى ئوڭدان سولغا سولدان ئوڭغا ئاۋدارىپ ياتقىزا. پەيغەمبەرىمىزنىڭدە كۆرگىسى كېلگەنلىگى، ئالارنىڭ ئۇلۇغلىقىنا ئىشارەتدور.

ئىمام سەغلەبىنىڭ ئەيتىشىنچە، پەيغەمبەرىمىز ئەسھەب كەھفنى كۆرەرگە تىلەگەندە، ھەق تەغەلە: «ئي مۇھەممەد سىن ئالارنى كۆرە ئالمىسىڭ. سەھەبەلەرىڭدەن دۆرت كىشىنى ئالارغا ئېلچىلىككە جىبەر، سەلەمىڭنى جىتكىزەر»، دىپ خەبەر بىرگەندە پەيغەمبەرىمىز: «ئي ئاللا مىن ئانلارنى قاندي جىبەرە ئالارمەن» — دىگەن. شول چاقتا جەبرائىل فەرىشتە كېلىپ: «ئەي مۇھەممەد بىشمەتىڭنى سالىپ دۆرت پوچماغىنا ئەبۇبەكىر، غۇمەر، غۇسمان، غەلىينى ئوتىرغىز، ھەق تەغەلە سۇلەيماننىڭ بۇيرىغىن ئورىنلاغان جىلگە سىنىڭ سۆزىڭنى ئالارغا قوشتى» — دىپ خەبەر بىرە.

رەسۇلۇللامىزدە ئىشنى شول تەرتىپ بىلەن ئورىنلاشتىرا. جىلدە ئەمىر بويىنچا سەھەبىلەرنى غارغا كىتىرە. سەھەبەلەر غار ئاۋزىنداغى تاشنى ئالىپ ئىچكەرى كىرمەك بولغاندا، ئىت ئويانىپ بۆلارنى توسماق بولا. ئازدان سوڭ چاھار يارلەر ئىكەنلىگىن

يىلىپ ئېركەلەپ قارشى ئالا. ئاندىن دۆرتىمىسى غارغا كىرىپ سالام بېرەلەر. ئەسھەب كەھف كىشىلەرى ئورنىلارىندىن تۇرۇپ قارشى ئالار. چاھارىيارلار: «ئەي يىگىتلەر سىزلەرگە خۇرمەتلى پەيغەمبەرىمىز سالام ئەيتتى» دېيەلەر يىگىتلەر سالام ئالىپ رەسۇللامىزنىڭ ئىسلام دىنىنى قەبۇل ئېتەلەر. ئاندىن: «رەسۇللامىزگە بىزدەن سالام ئەيتىڭىز» — دېيىپ ئورۇنلارىنا ياتارغا كىرىشە. ئاخىر زاماندا مەھدى چىققاندا ئولدا ئەسھەب كەھفكە سالەم بېرە. مەھدىنىڭ سالەمىنى ئالغاچ يەنە يۇقلاپ، قىيامەت بولغانداغىنا ئورنىدىن تۇرالار ئىمىش.

بۇ كۆرۈشۈدەن سوڭ جىل چاھار يارلارنى كېرى قايتارىپ كېلە، پەيغەمبەرىمىزنى كۆرگەنلەرىنى سۇراغاندا، ئالار تەفسىلى جاۋاب بېرە. رەسۇللامىز: «ئاللاھۇممە لاتەفەرۇقۇ بەينى ۋە بەينى ئەسخابى ۋە ئەنسارى ئەغفىرلەممىن ئۇخبىمنى ۋە ئۇجىببۇ ئەھلى بەيتى ۋە خاسىيەتى» مەغنەسى: «ئەي ئاللا بىزنىڭ ئارامىزنى يىراقلاشتىرما، سەخابەلەرنى، ئەنسارلارنى سۆيگەنلەرنى، فائىيلەلەرنى سۆيگەنلەرنى ئالارنىڭ خاسىيەتى ئۈچۈن كېچىرە» — دېيىپ دۇغا قىلدى.

تىرىدەي يۇقلاپ ياتۇ ئەسخەب كەھفنىڭ خاسىيەتلەرىندەن بىرىدۇر. بىر كىشى ئالارنىڭ ئىسمىنى ئاۋىزىغا ئالىپ بىرەر خاجەتلەرىنى تىلەسە، تىلەگى قابىل بولا. بىر نەرسەدەن خەۋەفلەنسە قۇتىلىر. ئۆرت-يانغىندا پىرەر چۆپىرەككە ئالارنىڭ ئىسمىلەرىنى يازىپ

يانغىدا ئاشلاسا ئوت سۆنە، كەغەزگە يازىپ بېشكىدەكى يىغلىغىنى بالىنىڭ ياستۇق ئاستىغا قويسا بالا يىغلىمىدۇ. ئىگىسىگە خەۋەپ بولغاندا، كەغەزگە يازىپ ئاغاچقا بەيلەپ ئىگىسىنى ئۇرتاسىنا قادىيلار. شەخىسقى باش ئاغرىقى باشقا بەيلىلەر. پادىشاھلارغا يولىغىدا ئوق ئاياققا، بالا تۇغۇلۇپ ئۈچىن تولغاق تۇتقاندا سول ئاياققا بەيلىلەر. مال - دۇنياسىنى ساقلاش ئۈچىن، ئۆلىمىدەن قۇتۇلۇش، دىيگىنزدە سەلامەتلىك ئۈچۈندە بۇ زاتلارنىڭ ئىسىملەرىنى يازىپ تۇمار قىلىپ ياندا ساقلىيلار.

ئىندى سۆز - سۆزگە، خىكايە - تەكىيەتكە ئۆلاشىپ ئەسخەب كەھفىنىڭ خەللەرىنە، ئالار نىيندي سەبەب بىلەن غارغا كىرگەنىن، نىي كەيفىيەتتە ئويانىشلارىنى يازارغا تۇرى كىلە. لەكىن تەفسىرلەرىنى مۇتالىيغە قىلىرغا، غەرەبچە سۆزلەرگە مەغەنە ئەيتىشكە كۆچىم چاقلى بولغانلىقدان تەرجىمە تىبيە ۋە تەرجىمە خايەتلىخەيۋانىنىڭ سۆزلەرىندەن نەقىل ئالىپ يازدىم:

«ئەئۆزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم» مەغنەسى: «ئاللادان شايتانىنىڭ ئازدىرىشىدان ساقلاۋنى تىلەيمىن» دىيگەن بولا؛ «ئەم خەسىبەت ئەن ئەسخەبەلكەھفى ۋەر- رەقىم كانۇ ئەمەتنا ئاياتىنا غەجەبە» مەغنەسى: «ئەي مۇخەممەد ئويلاب قارا، ئەسخەب كەھفى يەنە رەقىم بىز- نىڭ ئايەتلەرىمىزدەن بىر غەجايىب ئايەت. جىيردەكى، كۆكتەكى غەجەيىبلار ئاندا غەجەبىرەك» — دىيە. تاۋ- دا غار بار، رەقىم شول تاۋدا، يە بولماسا ئەسخەب كەھفىنىڭ ئاۋىلى ياكى ئىتىنىڭ ئىسمى بولا. ئالاي بولماغان

بىرەر زور تاش بولۇپ، ئاڭا ئالارنىڭ ئىسىملەرى يازىلىپ
كەھفنىڭ ئىشىكىنە قويىلغاندىر دېيلەر. بەغزىلەر ئەسخەب
رەقىم سوڭغى قەۋىم كىشىلەر ئىدى. ئالار ئۈچ كىشى ئىدى.
تۆرەمىش خاجەتى بىلەن يولغا چىققاندا ياڭغىرغا قالىپ
بىر غارغا كىرەلەر. بوران چىقىپ غارنىڭ ئاۋزى بېك-
لەنىپ قالا. ئالاردان بىرىسى: بېكەر ئولتىرمىق، ھەر
بىرىمىز بىرەر ياخشى ئىشىمىزنى سۆيلەيىك، ئاللا شول
ياخشىلىقىمىز ئارقاسىندا بۇ بەلەدەن قۇتقارىر، دېيە.
شول چاقتا بىرىسى سۆزگە كىرىشىپ: كۆنلەرنىڭ بىرىن-
دە بىر ئىش ئۈچۈن خىزمەتچىلەر ياللادىم. بىر خىز-
مەتچى تۆشكە ياقىن كېلىپ قاتناشتى. ئىش پىتكەچ
بوتون كۈن ئىشلەگەنلەرىنە خاقلارىن بېردىم. كە-
يىن كېلگەنگە باشقالاردان ئازراق بېردىم. ئول ئاچۇ-
لانىپ خاقىن ئالمي كېتىپ قالدى. مېن ئانىڭ ئال-
ماغان ئاقچاسىنا بىر ئۇرغاچى بوزاۋ ئالىپ ئۆستىردىم،
ئەسلىلەندىرىپ كۆبەيتتىم. كۆپ ۋاقت ئۆتكەندەن
كەيىن ئۆزىم تانىماغان بىر زەغيف قارت كېلىپ «مېن
سىڭا خىزمەت قىلغانىمىن، ئالماغان خاقىمنى بېر» — دېيپ
سورادى. مېندە ماقۇل دېيپ، ئانىڭ بوزاۋىندان ئۆسكەن
سىيىرلارنىڭ بارلىقىن ئاڭا بېردىم. ئىلاھي مېن بۇ
ئىشنى رازىلىغىڭ ئۈچۈن ئىشلەدىم، بىزنى بۇبەلەدەن
قۇتقىلدىر - دېيپ تىلى. شول چاقتا بېكلەنىپ قالغان غار
ئاۋزىندا يارىقلىق كۆرىنە. ئاندان ئىككىنچى كىشى سۆ-
زگە كىرىشە: مېن كۆپ ماللى كىشى ئىدىم. بىر كۈنى
كىشىلەرگە قورقىنچلى سۆزلەر ئەيتىپ مال سوراپ بىر

خاتىن كېلدى. مېن ئاڭا «نەپسىمنى مېڭا بېر، بو-
لمىسا ھېچنەرسەدە بېرمەيمەن» — دېدىم. ئۇل رىزا بول-
مى كېتىپ قالدى. بىر ۋاقىتتىن سوڭ يەنە سوراغاندا
يەنە ئەۋۋەلقى تەكلىپنى ئەيتتىم. ئۇل يەنە كېتتى.
يەنە كېلدى، شۇنداق ئۈچ مەرتەبە كېلىپ - كېتىپ ئا-
خىرىدا بۇ ئىشنى ئېرىمگە ئەيتە. ئېرى «نېگە رازى بول-
مىدىڭ، بىر نەرسە ئالالىساڭ خەلىمىز ياخشىلانار» —
دى. ئۇل كېلىپ رازىلىقنى بىلدۈردى. ئاندىن ئۇل مېنى
تەجاۋۇز قىلا دېپ تىترەپ كېتتى: مېن نېگە تىترىدىڭ
دېسەم، — «ئاللادىن قورقامەن» دېدى. مېن: شۇندىغ
قىيىن خەلدە ئاللادىن قورقاسىڭ ئىكەن، مېن رەختتە
تۇرۇپ قورقماسلىقىم توغرا ئەمەس، ئەلبەتتە قورقامەن،
دېپ ئانى بوشاتتىم. سورىغان نەرسەسىنى بېردىم، ئىن-
لاھى مېن سېنىڭ كېچىرۈۋىڭنى ئۈمىت قىلىپ نەپسىمە-
نى تيدىم، بىزنى بۇ بەلادىن قۇتقار — دېگەندە، غار-
نىڭ ئىچى ياقتىرىپ بىرسىنى - بىرسى كۆرگەندەر. ئۈ-
چىنچىسى مېنىم قارتايغان ئاتا - ئانام بار ئىدى. قوي-
لارىم كۆپ ئىدى، ئەۋۋەل ئاتا - ئانامنى تاماققا توي-
دۇرمى تۇرۇپ، قويلارمنى باغارغا چىقمى ئىدىم. بىر
كۈن ياغمىر بولۇپ ئالارنىڭ يانىغا بارالمادىم. كۈن
پاتىپ قاراڭغى تۈشتى. تۇرسىدىما سۈت ئالىپ كېلسەم
قارت بىلەن قارچىق يۇقلاپ قالغان ئىكەن. ئالارنى
ئويىتام تىنچلارى كېتەر دېپ تاڭ ئاتقانچا كۈتتىم، ئۈز-
لەرى ئويانغاندا تاماقلارىن بېردىم. ئىلاھى مېن بۇ
ئىشنى سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن ئىشلەدىم، بىزنى بۇ

بەلەدەن قۇتقار دىگەندە غار ئاچىلىپ، ئۇچىسىدە قۇتىلىپ چىققانلار.

ئەسھاب كەھفلەرنىڭ سەبەبىندە - دە ئىختىلاق بار. مۇخەممەد بىننى ئىسغاق ئەيتە: ئىنجىلكە ئىشانغۇچىلار يولدان ئازىپ بۇزىقلىققا كىرىشتىلەر. شەيتانغا ئىيەرىپ تەمامەن بۇزىلىپ، خەتتە بۇتلارنىڭ ئالدىندا قۇربان چالدىلار. بۇتقا چوقىنىپ، كۆپ گۇناھلى ئىشلەر قىلدىلار. ئارالارىندا غەيسا شەرىغەتى بىلەن يۈرۈچىلەردە بولىپ، ئاللاغا غىبادەت قىلا ئىدى. پادىشاھلارنىڭ ئىسمى دەقىيانۇس بولىپ ئولدا بۇت پەرەس ئىدى. بۇتقا قۇربان چالار ئىدى. ئول ئەسھاب كەھفلەر تۇرغان شەھەرگە كىلە، ئول شەھەر شول چاقتا ئەفسۇس دىپ ئاتالغان. مەرغەش ۋىلايەتىندە ئالبىستان شەھەرچەسى يانىندا بولىپ، خەزىر خاراپ بولغان. بۇ خەبەرگە قاراغاندا ئەسھاب كەھف غارىدا ئالبىستاننىڭ يانىندا.

پادىشاھ بۇ شەھەرگە كىلگەندە ئىمانلى كىشىلەر قاچىپ كىتە. سەبەبى پادىشاھ مۇسىلمانلارنى بۇتقا چوقىنىرغا ئەمىر ئىتە. كۆنمەگەنلەرنى ئۆلتىرىرگە بۇيىرا. خەيەتىن ساقلاماقچى بولغانلار، دىندەن چىغارلار. كۆنمەگەنلەرنى ئۆلتىرىپ جەسەتلەرىن شەھەر قورغانىنا ئاستىرا. غارغا كىرۈچى يىگىتلەر قايغى - خەسرەتتە قالالاردا ناماز، روزالارىن تاشلاماي دۇغادا بولدىلار. بۇلار رۇمنىڭ ئاتاقلى كىشىلەرىندەن سىيگىز يىگىت ئىدى. پادىشاھ ئالارنى چاقىرىپ، بىزنىڭ بۇتلارىمىزغا

چوقىنىغىمىز، يوقىتىسا ئۆتىرمەن، دې. ئالارنىڭ باشلىغى
مەكسەلمىنا: «بىزنىڭ تەگرىمىز بار. ئۇل بۈتۈن جىير-
كۆكنىڭ تەگرىسى، ئۇل ھەممەدەن ئۇلۇغ. باشقا تەڭ-
رىگە ئىشانمىمىز» دې. پادىشاھ ئاچۇلانىپ: «سىلەرگە
جازا بىرۈدەن ھىچ كىم توسالمې، لەكىن سىلەر ياخ-
شى يىگىتلەر ئىكەنسىگلەر، ئايىيمەن، سىلەر ئويلانىڭ-
لار، غاقلىنغلاغا كىلۈنگلەرنى ئۈمىت قىلامەن» دىيە.
ئاندان يىگىتلەر ئۆلىمدەن قالغانلارىنا كۆزلەرى
جىقىپ ئۆيلەرىنە قايتالار - دا، ئازىق - تۈلىكلەرىنى خە-
زىرلەپ غارغا قاراپ كىتەلەر. ئاندا غىبادەت قىلالار.
بىر ئىتلەرى بار ئېدى، ئىيەرىپ يۈرە. كەغەپ خەزى-
رەتلەر ئەيتە: ئەۋۋەلدە ئىتلەرى يوق ئېدى. يول بو-
يىندا بىر ئىت يولىغىپ ئىيەردى. ئىتنى قوۋۋالار، لە-
كىن ئىت قالمي. شولاي بىر نىچە مەرتەبە قوۋسالار-
دا ئىت قالمايدى. ئىڭ ئاخىرىندا ئىت ئىكى ئاياغى
بىلەن تىك تۇرىپ دۇغا قىلغان كىشى كىبى ئالدى
ئاياغىن كۆككە كۆتەرىپ تىلگە كىلىپ: «مىندەن قورق-
ماغىز، مىن ئاللانىڭ دوسلارىنا مۇخەببەتىم بار، سىز-
لەر يوقلاغىزلار، مىن سىزلەرنى ساقلىيمەن»، دىيە.
بەغزىلەر: بۇلار ئالتى كىشى ئېدى، تۇندە قاچىپ بارا
ياتقاندا بىر قويچىغا ئۇچرادى. قويچىنىڭ ئىتى بار
ئېدى، قويچىدا بۇلارغا قوشلىپ غارغا كىرىپ غىبادەتكە
كىرىشدىلەر، دىيە. ئالار ئالتىن بىلەزىكلى زىننەتلە-
گەن، چەچلەرى ئۆرىلگەن ئېدى. بىر يىگىتنى تاماق
ئەكىلەرگە قوشدىلار، ئىسمى يەملىيخا ئېدى. ئۇل ذۇقا-

رالارچا غاددي كىيىنىپ شەھەرگە بارا، ئاشارلىق لەر-
سەلەر ئالىپ قايتىپ، باشقا خەبەرلەرنى ئۆگىنىپ - سۈ-
راشتىرسا، پادىشاھ بۇلارنى ئىزلەمەكتە ئىكەنلىگىن
ئەيتە، بۇلار بيك قورقىپ خەسرەتلەنەلەر. بۇل چاقتا
كۆن باتقۇغا ئاز قالغان ئىكەن. ئۆز - ئارا سۆيلەشىپ
ئوتىرغاندا، خەق تەغەلە ئالارنىڭ قۇلاقلارىنى تىڭلاۋ-
دان توقتاتىپ، يۇقلارىنى كيلتىرە. شول بويىنچ
چا غاردا يۇقلاپ قالالار. ئىت غارنىڭ ئاۋزىندا ئاياق-
لارىنى سوزىپ، باشىنى ئاياق ئۈستىنە قويىپ ياتا. ئا-
لارغا كيلگەن يۇقى، ئىتكەدە كيلە - دە ئولدا يۇقلاپ
قالا. پادشاھ بۇ كىشلەرنىڭ غاردا ئىكەنلىگىندەن خە-
بەر تاپىپ، ئالارنى تىرى دىپ ئويلاپ غارنىڭ ئاۋزىنى
بيكىتتىرىپ، ئالارنى ئاچقا ئۆلسىنلەر دىيە. خەق تە
غەلە ئالارنى شول خەلدە قالدىرۇى بىلەن ئالارغا خۇ
مەت ۋە باشقالارغا غيبرەت قىلغان. ئەرۋاخلەرد
ئۇيقى ۋافاتى بىلەن ئۆتەردى. فەرىشتەلەر ئالارنى ئو-
ڭغا، سولغا ئاۋدارىپ تەربىيە قىلىپ تۇرا. ئول پادى-
شاھنىڭ ئىلىندە ئىكى مۇسلمان ئىمانلارىنى يەشرىپ
يۇرۇچى ئىكەن. ئەسخەب كەھف ئۇنتىلىپ ئىستەن چە-
قىپ كيتمەسىن دىپ، ئالارنىڭ نەسىل - نەسەپ ئىسم-
لەرىنى ۋە ئەخۋاللەرىنى ئىكى تاقتاغا يازىپ ساندىققا
سالىپ قويىپ قويا. بۇندان سوڭ كۆپ زامانلار ئۆتە، نيچە-
نيچە پادشاھلار كيلىپ كيتە. ئىڭ ئاخرىندا ئول شەھەرگە
بىندۇسىس ئيسملى بىر ياخشى كىشى پادشاھ بولىپ
68 يىل خۇكۇم سۈرە. لەكين ئانىڭ زامانىندا كىشلەر

كۆرۈنۈشلارغا بۆلۈنىشتى، بىر قانچىلارى ئاللانىڭ بىرلىگىلە، قىيامەتتە تىرىلىشكە ئىشىنىشالار، قاي بىرلەرى ئول سۆزلەرنى يالغان دېيىشىپ، ئىشىنماۋچىلار كۈندىن - كۈنگە كۆبەيىپ ئىمانلارىندان ئازا باشلىلار. تىرىكلىك قىسقاغىنا تىرىكلىك دۇنياسى، تىرىلىش روخقاغىنا بولا، جەسەدكە بولمي دېيەلەر. بىندۇسىس بۇ ئەخۋاللەردىن كۆڭلىسىز بولىپ، ئاللاغا كېچە - كۈندىز يالىنىپ خەقىقەتنىڭ ئاچىلىشىن تىلي ئىكەن. ئاللا ئانىڭ تىلەگىن قابىل قىلىپ، ئەسخەن كەھف ۋەقىغەسىن بايان قىلىپ، قىيامەتنىڭ راسلىغىن، تىرىلىشنىڭ خەقىيقەتىن كۆرسەتە. شول سەبەپلى ئېفسۇس ئاھالاسىنان ئولياس ئىسملى كىشىنىڭ كۆڭلىنە ئاللا ئوي سالا. ئول كىشى غارنىڭ بۇتەلگەن ئىشىگىن بۇزىپ ئاچا. بۇ چاقتا ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن ئەسخەب كەھفنى يۇقىدان ئويانىر شىكىللى گويا تۈندە يوقلارغا ياتىپ ئىرتەدە ئويانىر كىبى كۆرەلەر يۈزلەرى ھەم باشقا ئەغزەلەرىندە ھېچ بىر ئۆزگەرىش بولماغان خەلدە ئوچىراتالار. ئالار - دا يۇقلاغالى قانچا ۋاقىت ئۆتكەنىن بىلگىلي ئالمىلار. ھەم دەقيانۇسنىڭ قولىنا چۈشە نىيندي ئەخۋالدە قالىشلارىن خەۋەف قىلالار. ئەسخەبلەر يەملىخاغا سين كىيىملەرىگنى ئاۋشتىرىپ شەھەرگە بارىپ، بىزگە ئاشارغا نەرسەلەر ئالغاچ ئاندا نيلەر سۆيلەنە بايقارسىڭ دېيەلەر. يەملىخا ماقۇل دېپ شەھەرگە كېتە. شەھەرگە كىرىپ بايقاسا خالقىنىڭ مۇسلمان ئىكەنلىك خەلەمەتلەرىن بىك كۆپ كۆرە. ئول غەجەبلەنىپ ئىك

ئاخىرغى شەھەر قاپقاسىنا قەدەر بارا. ئانداغى ئەخۋەل-
لەردەن يەنە خەيرەن قالا. بۇ نىيندى غەجەپ ئىش،
كيچەگى كۆندە مۇسۇلمانلار خەۋفتە غەيانىڭ ئىيسمىن
يەشىرىپ سۆيلىلەر ئىدى، بۈگىن ئىسە ئانىڭ ئىيسمىن
ئاتاپ قەسەم قىلالار، ديپ، ئاخىرى بىر كىشىدەن بۇ
شەھەرنىڭ ئىيسمى نيچىك ديپ سوري. ئول كىشى:
شەھەرىمىزنىڭ ئىيسمى ئىفسۇس بۇلا، ديپ جاۋاپ
بيرگەندە: يەمليخا يەنە خەيران بولا. كۆڭلىندە مين
ساتاشىپ قالغان ئوخشيمەن، مين ئيندى هيچ كىم ميني سى-
يزمەستەن، هيچ كىم ميڭا زارار ئيتمەستەن بۇرۇن كيتىپ
قاليم ديگەن ئويغا كيلىپ، كيرەكلى نەرسەلەرنى ساتىپ ئالىۋ
ئۈچۈن بىر دۇكەنگە بارا ۋە كىسەسىندەن بىر تەنگە چىقارىپ
ساتىۋچىغا بيرە. ساتىۋچى ئول تەنگەنى ئالىپ بىر ئاز
خەيران بولىپ، ئيكىنچى سەۋدەگەرگە كۆرسەتە. شول
بويىنچە ئەلگى تەنگە قولدان - قولغا ئۆتىپ: بىر ۋا-
قىتتا بۇ كىشى كۆمۈلى خەزينە تاپقان بولىرغا كيرەك،
ديپە باشليلار. يەمليخادە خەۋەفلەنە: مۇمكين بۇلار
ميني دەقيانۇسقا ئالىپ بارار، ديپ ئويلاپ، ئالارغا:
تەنگە سىزنىڭ بولسىن، ئاماقتا كيرەك ئيمەس، ميني
ئۆز ئيركىمە جيبەرىڭىز، ديپ يالىنا. ئالار: ئىي يى-
گىت سين نيندي ئادەمسين؟ سين خەزينەنى قايدان
تاپتىڭ؟ بىزني شيرىك قىلىپ بىر بۆلمىسىن بيرمەسەڭ
سيني پادىشاهقا ئيلەتەرمىز. ئاندان يەشىرىنگەندە قولىڭ-
دان كيلمەس، ديپ قىستى باشليلار. يەمليخا ئالار-
غا ني ديپ جاۋاپ بيرىرگە بىلمي، ئاخىرىدا ئانى شەھەر

باشلىقلارىغا ئېيتەتتەلەر. شەھەر باشلىقلارى توغرى كى-
شىلەر ئىكەن. بىرىسىنىڭ ئىسمى بۇس، يەنە بىرىسىنىڭ
ئىسمى ئىيستىيوس ئىكەن. باشلىقلار تەنكەنى، ئانىڭ
سوغلىۋېن، بېزەكلەرىنى كۆرىپ خەيرەن بولىشىپ: ئەي
يىگىت! سېن تاپقان خەزىنە قايدا؟ دېپ سوردى. يەم-
لىيخا: مېن خەزىنە تاپمادىم، ئاتامدان قالغان ئاز ئاق-
چام. بۇ تەنگە ئوشى شەھەردە سوغۇلغان. لەكىن مېن ئۆ-
زىمدە خەيرەتىمەن. مېن ئوشى شەھەرنىڭ كىشىسى. خە-
لىقلەر مېنى تانىمىغان يەكى مېن ئالارنى تانىرلىق بىر
كىشىنىدە ئۇچراتمادىم، مېن تانىرلىق كىشى، يوق كى-
بى، كېچەكى كۈندە بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى دەقىيا-
نۇس ئىيدى. ئىيندى سىزلەرنى خاكىيم بولغانسىزلار،
دېيە. باشلىقلار: ئەي يىگىت! ئول دەقىيانۇسدەن
بېرى قانچا زامان ئۆتتى. قانچا پادىشالار كېلىپ-
كېتتى، ئەمما سېن يەپ- يەش بىر يىگىت تۇرسالىڭ؟
سېن توغرى جاۋاپ بېر. ئەخۋەلىڭ سۆزىڭە توغرى
كېلىسىن، دېيە. يەمليخا: بىز بىر قانچا يىگىت ئىيدىك.
دەقىيانۇس كىشىلەرنى بۇتقا سەجدە قىلارغا زورلاغان-
دا، بىز كېچەكى كۈندە قاچىپ شەھەر سىرتىنداغى
بىتخلوس تاۋىندا بىر غارغا كىرىپ يەشرىندىك، باشقا
يولداشلارىم خەزىردە شول جېيردە. ئالار مېنى ئاشامليق
ئالىرغا جىبەردى. بىز خەقىندە دەقىيانۇس نى ئويلى،
شۇنى بىلەرگە كېلگەن ئىيدىم، كېلسەم ئەخۋەل باشقاچا.
ئۆزىمدە خەيرەتىمەن. ئىشانماساڭىز مېن بىلەن بىر-
گە غارغا بارىڭىزلار، يولداشلارىمنى كۆرەسىز، مېنىڭ

راس سۆيلەگەنىمە كۆزلىگەنلەر جىيتەر، دىيە.
ئىككى باشلىق ھەم باشقىلار بۇ مەسىلەنى بىلىش
ئۈچۈن ئاتلىق - جەيەۋ يولغا چىقىشار. يەمىلىخا ئالارنى
باشلاپ غارغا ياقىن ئەكىلە. غارداغىلاردا يەمىلىخانىڭ
كىچىكمىگەندىن خەۋەرسىزلەنىپ، دەقيانۇسنىڭ قولىغا
چۈشۈپ قالغاندىر دىيىپ ئويلانىپ، ئۆز - ئارا خوشلىشىپ
باشلارىغا نىيىدى خالىلەرنىڭ كىلىۋەتقەن قايغىرىپ ناماز-
لارىغا كىرىشە. شول ۋاقىتتا يەمىلىخا كىلە. ئالار: سىنگا
نى بولدى، نىچىگە مۇنچىلىق كىچىكتىڭ، دىگەندە، يەم-
لىخا بولغان ۋەقىئەلەرنى سۆيلەپ بىرە. ئىربوس ھەم
ئىفسوس خالقلارى ئالارنى كۆرىشۈ ئۈچۈن كىلىپ غارنىڭ
ئىشىدا كۈتىپ تۇرغانلىقىنى ئەيتە. دىمەك بۇلاي ئۆز-
لەرىنە ئاچىق بولىپ ئۆتكەن خەللەر، خەق تەغەلەنىڭ
ئايەتىنى ۋە قۇدرەتىنى تۇشەنەلەر. شونچالىق ۋاقىت
يۇقىدا قالىپ ئويانىۋلارى، ئۆلگەندەن سوڭ تىرىلىۋ-
نىڭ خەقلىقىنە غەلەمەت، قىيامەتنىڭ بارلىقىغا ئىسپات
ئىكەنلىكىنى بىلەلەر. ئاندان يەمىلىخانىڭ ئەيتىشى بو-
يىنچا ئىربوس ئەسھەب كەھفنىڭ ئىشىگىندەن كىرىپ،
ئالارنىڭ ئەخۋەلى يازىلغان ئىككى تاقتانى ساندىقتان
چىقارىپ ئوقىپ ھەممە ئىشدەن خەبەر تاپالار، ئاللاغا
ماقتاۋلار ئەيتىپ، ئۆلگەندەن سوڭ تىرىلىشنىڭ ئانىقلىقىنا
ئىشانالار. ئاندان غارداغىلارنىڭ قاشىنا كىرىپ سۆي-
لەشىپ، غارداغىلار بىلەن دەقيانۇسنىڭ ئاراسىندا بول-
غان ماجرالارنى ئىشىتەلەر. ئىربوس پادشاھى بىندۇس-
كە خەت يازىپ، ئەسھەب كەھف ئەخۋەلىنى بىلدىرە.

پادىشاھ خەتنى كۆرۈپ، ئاللاغا شۈكرانە ئەيتىپ بىك
قۇۋاندى. ياقىن كىشىلەرى بىلەن ئاتلىنىپ غارداغىلار-
نىڭ قېشىغا كېلە. ئالار ئوتىرا، بىندۇس ئاياق باسىپ
تۇرىپ ئالارغا دۇغا قىلا. ئالاردا دۇغا قىلىپ، تىرى كى-
شىلەر كۆز ئالدىنىدا يوقىغا كېتەلەر. پادىشاھ: بۇلارنىڭ
ھەر بىرسىنە ئالتىندان تابىت ياساپ قويىلىسىن، — دىيىپ
ئەمىر قىلا. پادىشاھ تۈشىندە ئالارنى كۆرە، ئالار پادى-
شاھقا: بىز ئالتىنى، كۈمىشتەن يارالغان بەندەلەر تۇ-
گۈل، تۇفىراقدان يارالدىق، يەنە تۇفىراق بولامىز، بىز
غاردا تۇفىراق خەلىمىزدە قالىق. ئاللا بىزنى شۇل خەن-
دە تىرىلدىرە، دىيەلەر. كىشىلەر ئالارنىڭ غارىسىندان
سىرتىغا چىققان سوڭ، ئاللا ئالارنى يەشىردى. ھېچ
بىر كىشىنىڭ ئاندا كىرىرگە قۇدرەتى يېتمەدى. ئان-
دان پادىشاھ غارنىڭ ئالدىنا بىر مەسجىت سالدىرىپ،
كىشىلەرگە زىيارەت ئورنى بولىپ قالدى، دىيەلەر
دىيىپ ئەيتە.

## سۆزىمىزنى داۋام ئېيتەيىك

بەغزىلەر يەمىلىخا ئويانىپ كېلگەن شەھەر ئۆك-
چىن دىيىە، يەنە بەغىزلەر ئاستانا شەھەرى بولىرغا
تېيىشلى، دىيەلەر. كۆبىرەك كىشىلەرنىڭ ئەيتمۇنچە:
«ئەگەر ئەقۋال بۇنگا دۇرۇ ئاللا ئەغلەم بىما ئەخفى
ۋە ئەغلەن» مەغنەسى: ئاللا قايسىسى ئانىق، قايسىسى
ئانىق ئېمەسلىكىن ئۆزى بىلە، بۇلار غاردە شەمسىيە

ھېسابىدا ئۈچ يۈز يىل. قەمەرىيە ھېسابىدا ئۈچ يۈز توغىز يىل يۇقلاغانلار. شەمسىيە يىلى بىلەن قەمەرىيە يىللىرىنىڭ پەرقى ئون بىر كۈن بولار. شەمسىيە يىلى ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن، قەمەرىيە يىلى ئۈچ يۈز ئەللىك تۆرت كۈن. بۇلاي بولغاندا شەمسىيە ئۈچ يۈز يىل، قەمەرىيە يىلىدا ئۈچ يۈز توغىز يىل، ئىككى ئاي، ئون توغىز كۈن بولا. شەمسىيە يىلىدا كۈننىڭ تۆرتتەن بىر ئۈلۈشى، قەمەرىيە يىلىدا ئۈچتەن بىر ئۈلۈش بار. تەپسىلى بىلەرگە تىلەۋچىلەر باشقا ماتېرىياللارغا قاراسا بولا. ياخشى تۈشىنىۋ: «ۋە لەبىسۇ فى كەھفىھىم سەلاسە مىئەتىن سىنىينە ۋەزدادۇ تىسئەن» — مەنىسى: ئالار ئۆز غارىدا ئۈچ يۈز توغىز يىل تۇردىلار. ئايەت كەرىمەنىڭ «تىسئەن» (توغىز) - دېگەن سۆزىنىڭ مەزمۇنىدا، ئۈچ توغىز بار بولى قۇرئەنىنىڭ بالاغەتى يەنى سۆزىنى تولۇق كېلىشتۈرۈپ ئېيتقىنى دېپ ساناغانلار، بىرسى يىلداغى توغىز ① ۋە بىرسى كۈندەگى توغىز، ۋە بىرسى ئايداغى توغىز، يەنى بىر ئاي ئوتۇز ۋە بىر ئاي يىگىرمە توغىز كۈن بولا.

### ئەلتەرسى

خەزرەتى جانابى رەسۇل ئەكرەم ۋە نەبى مۇھ-

---

① يىلداغى توغىز - دېگەنى، ئۈچيۈز يىلدا ئارتقان توغىز يىلنى كۆرسەتە-ت.

تەرەم سەللەللا تەغەلە ئەلەيھى ۋە ئەسخابەي ۋە سەل-
لەم. خەزرەتلەرنىڭ خىيسى ۋە ئاقىلى، مۆغجىزە لەرنى
ساتاپ بىتمرۇ قىيمن بولغانلىقتان ئاللا بىلە دىيمۆكە
توغىرى كىلە. لەكىن پەيغەمبەرلىك ۋاقتىندا ئانىق مۆغ-
جىيزاتلارى سىزىلگەن، ئاشكارالانغانلارى بەغىزلەرنىڭ
ئەيتىشۇنچە خىسابى ئۇچ مىڭ بولىپ، ئۇشى مۆغجىزات-
لاردىندان زورلارى ئۇلۇغ قۇرئەن ۋە قۇرئەن كەرىمدە
تەخمىنەن ئالتىمىشىڭ مۆغجىزات ئاقلىغا مەنزۇب دى-
يەلەر. مەسەلەن: بۇ خىسابتاغى مۆغجىزەلەردەن
بىرى قۇرئەندەن ئىستىنابات ۋە خۆكۈم چىقارىلۇ-
نى بىلىۋىدەن، ئۇچ يۈز ئاتمىش تۈرلى فەن، ھەربىر
فەندە نىچە يۈز - يۈز تومىلاغان كىتاب ۋە رىسالەلەر
تۈزىلگەن ۋە يازىلغاندىر. غىلىم شۇندي بىر مۆغجىز-
ەكى، ئادامىنىڭ ئەۋلادى ھەر تۈرلى قەۋمىلەرىنىڭ
دىن ۋە دۈنيانى باشقارىشۇ ۋە داۋاملاشتۇرۇ ئۇسۇل-
لارىنىڭ بارلىغى غىلىم ئارقىلى بولغان. ئاللا بىر نىيكىر
قۇلىنى ياكى بىر تىيىمىندا ئاقچاسى يوق فەقىرنى غىلىم
ئارقىلى يوغارى دەرەجەگە جىيتكىزىۋىنىدە چىيك يوق.
بىلىملى ئەھلى كىتاب ① نىڭ بەغىزلەرى قۇرئەن-
نىڭ سۆزلەرى يەكى مەغنەسىندەن بىر
كىمچىلىك تابىلسا، ئانىڭ بىلەن ئىسلام غۇلەمەلەرىنى

---

① ئەھلى كىتاب - زابۇر، تاۋرات، ئىنجىل كىتابلارىنى
ئوقۇغۇچى يەھۇدى، خىرىستيانلارنى ئەيتە - ت

جىگىپ، ئىسلامغا ئىشانغۇچىلارنى ئېتىقادلارىندان كېرى تاپدۇرام دېپ ئىشچانلىق بىلەن نەچچە يىللار قۇۋۋەتىنى باغىشلاپ ۋە ئىجدىھاتىنى سارىپ ئېتىپ ئالا- شىرغا تاپقان سۆزلەرى، ئاللانىڭ ئىلهامى ۋە رەسۇلۇل- لانىڭ مۆجىزاتلارى بىلەن بىلىملى ئىسلام ئەھلىلەرى تارەفىندان مەغلۇب ئېتىلىپ، بىردە جاۋاب بېرە ئالمي قانچالارى ئىمان ئەيتكەنلەر. شۇلاردان بىرى؛ جاناب غەلي كەرەمۇللا ۋەجھەھۇ ۋە رازىيئاللاغەنە خە- زىرەتلەرىندەن بىر يەھۇدى ياكى ناسرانى ① كېلىپ: «سىزلەرنىڭ كىتابلارىڭىزدا ② ئۈچ يۈز توغىز يىل، دېپ ئوقىيسىزلار. بىزنىڭ كىتابلارىمىزدا ئۈچ يۈز يىل دىر. ئەيتىڭىزچى، قۇرئەنىنىڭ سۆزلەر؛ ئەۋۋەلكى كىتابلارداغى ئىشلەرگە مۇۋافىق دېيەسىزمى يەكى قارشى بولا دېيەسىزمى؟» دىگەنىندە، غەلي خەزى- رەتلەرى جاۋاب بېرىپ: «سىزنىڭ كىتابىڭىزداغى — ئۈچ يۈز يىل- شەمسىيە يىللى خېسابىنچەدىر. قە- مەرىيە يىل خېسابىنچە — ئۈچ يۈز توغىز يىل بولار»- دېيە. خەزىرەتى غەلي رازى ئاللا غەنە ئاپ- ئاچىق جاۋاپ بېرگەنىنە غەجەبلەنىپ: «ئەگەر مۇخەممەد سەلى ئاللا تەغەلى غەلەيە ۋەسەلەم خەق پەيغەمبەر بولماسا ئىيدى ئالىم ئانىڭ دىينىنە كىرىپ ئاڭا ئىيەرمەس

---

① ناسرانى- خىرىستىيان- ت

② بۇ جيردە قورئەندە يازىلغان ئەسخەب كەھفلەر- نىڭ ئايەتىنى كۆزدە تۇتا- ت

نىدى» ـ دېپ ئىمان ئەيتكەن. ئىمانغا كېلگەندەن كې-
يىن شولاي ئەيتكەن: «مۇنچە يىلدىن كالام ئاللادان
كىيىنچىلىك دېپ تاپقانىم، ئۇشى توغرىزىل ئىدى. ئەھىل
كىتابىدان قانچىلارى، باشقالاردان ئۈستۈن بولغان
غۇلەمەلەر بىلەن بەھەسلەشىپ مەسىلەلەرنى چىش-
شكەلەپ تېكشەرىپ، شۇبھەسىز بۇنىڭ بىلەن قۇرئەن-
نىڭ يولىنى توسارمەن، دېپ كېلگەن ئىدىم، تېكشەرىپ
بىلدىمكى: بۇ قۇرئەن، تاۋراتنى مۇسا غەلەيھىسسالامغە
چۈشۈرگەن زاتنىڭ كالامىدۇركى، دۈشمىنا چۈشۈرلگەندىر»
دېيە. خۇسۇسەن بۇ جۈملەنىڭ مەغنەسىن توشىنەم
دېگەن كىشى سۈرەنى كەھفنەگى، ئەسھاب كەھفكە بارىپ
قاراسا، غارنىڭ بىر تارافى قىيبىلاغا توغرى كېلە،
خانقاسىندا ناماز ئوقىغانلار بىر ياغىملى خىسكە ئىيە بولىپ،
كۆڭلىنىڭ قىزىغلارىن ئويلىغاندا، ئاللارنىڭ كارامەت ۋە
خاسىيەتلەرىندەن خىسابلاۋغا بولا. بۇ ئورىنىنىڭ كىشىلە-
رنى ئۆزىنە تارتىپ، كۆڭلىنى قىزىقتىرىشى قۇرئەننىڭ مۇ-
غجىزەلەرى ئىكەنلىكىندە شىك يوق. لەكىن ئول ئورىن-
نىڭ ياخشىلىغى يەنە شۇنىڭداكي. خەزرەتى خۇداۋەن-
دە كەرىم ئەسخەب كەھفنىڭ خەلىن، ھېچ بىر پەي-
غەمبەرگە خەزرەتى رەسۇل ئەكرەمگە ئەيتكەندەن ئار-
تىق تەفسىلي خەبەر قىلماغان. تەفسىلي ۋە ئانىغى قۇر-
ئەنىدەكىنەدىر: «فەلاتۇمار فيهم ئىللامىرائەن زاھى-
رەن ۋەلاتە ستەفتى فيهم مينھۇم ئەھەدا» مەغنەسى:

ئالار ① توريندا ناسىرالار بىلەن فەقەت ئاددىيغىنا
بەھەسلەش بۇ توريندا بەھەس قىلىۋچىلارنى تەستىقدە
قىلمي، يالغانغادا چىخارمي تۇرغان دەرەجەدە سۆيلەش.
ئالارنىڭ ھېچ بىرىندەن ئەسغابۇلكەھف قىسسىنى سورا-
ما، دىپ، قۇرئەندە «ۋەلەتەستەفتى» ئايەت بىلەن بىلىك
تيكشەرىپ كيتۇنى چيكلەپ، رۇخسەت قىلماغان.

بوغاردە بىر سۆزدە ئەسخەب كەھف سىيكىز كىشى
ئىدى دىيىلە. بۇ ئەيتىلىۋدە: ئىچلەرىندەگى ئىت دىپ
ئات قويىلغان بىرسى، غار ئىشىكىندە ئوتىرىپ ئالارنى
كۆزەتكەنلىكتەن، ئىشىكدە تۇرىۋىندان خايۋان ئاتالغان
دىپ، خەيەتۇلخەيۋانىدا ئوشىلاي يۇراغاندىر.

ئەسخەب كەھفىنىڭ غارغا كىرىۋلەرىنىڭ سەبەبىنى
دە ئىختىلافلار كۆپ بولىپ، ئەخۋەللەرى بەغزىدە ئا
قىلغا مۇۋافىق ۋە بەغزلەرى بىربىرىنە يالغانىپ ئوخ
شاش بولىب قالغان. بارلىغىن يازۇ ئىمكانىيەتى قى
يىن بولغانلىقدان تەرجىمەئي تەبىيانىنان بىر ئىيكى
قىيسسە ۋە تەرجىمەئي خەيەتۇلخەيۋانىدان بىر ئىيكى
خىكايە يازماغىم بىلەن ئاتانەتلەنىدىم. ئىلك ئۆزىن
بايانلارنى تەفسىر ۋە تارىخلارغا مۇراجىيغەت ئەيلەپ،
ئىيندى بۇ ۋەقىيغەغە سەبەبچى ۋە باشلاۋچى بولغان
زورلۇقچى ۋە زالىم دەقىيانۇس كىم ئىيكەنلىگىن يازارغا
كىيرەك بولا. ئانىڭ خەلىن بايان قىلىۋغا كىرىشىپ ۋە
ئىشنى ئاشكارە خۇكۇم ئىيتەيىن. تاكي ئادەملەر بىلسىن

① ئەسخابۇلكەھف توريندا ئەيتە - ت

لەركي ئاللا تابارەك ۋە تەئەلە زۇلجالال ۋە لائىكرام
ھەزرەتلەرى بەئزى ئىنسانغا دەۋلەت، دۇنيا بېرسە دۇۋە لەۋ
بەسەتەللا ھۇررۇز قەلىغىبادىنى لەمغۇ فىلىتەرزى» مەغ-
تەسى: ئەگەر ئاللا بەندەلەرىنىڭ رىزقىن كېيىك قىلسا،
ئالار، ئەلبەتتە جىر يۈزىندە فىتنە تېرىر ئېدى، لەك-
ين تىلەگەن نەرسەنى ئۆلچەم بىلەن تۇشىر. ئاللا
ھەقىقەتەن بەندەلەرىنىڭ ھەلىنەن تولىق خەبەردار ھەم
كۆرىپ تۇرغۇچىدىر» بۇ قەدىمكى شېئىرنىڭ تاقەززا-
سىچە بۇرنىقى خەلقلەرنى ئۆلتىپ بۇزۇقلۇق، ئازغىنلىق
سەببىدەن مەڭگى ھەلەك بولا، ئەبەتتەن - ئەبەتكە
بىتمەيدىغان قايغى - خورلىقتا قالىپ، جەھەننەمگە
كىتىۋ بەلەسىنە ئۇچار بولا. دەقيانۇسنىڭ خەلقىن
سۆيلەگەندەگى مەخسەت ئاقىل ئىيەلەرنى غەفلەتدەن
قوتىلدىرۇ، ئەسھەب كەھفنىڭ خەلقىن كۆڭىل قويىپ
ئويلاسىپ ئىشلەۋچىلەرنى قىزىقدىرۇدىر. بۇ ئورىندا
تۇرغۇچىلار ئاللانىڭ بىرلىگىنە بولغان نىيەت، ئىختىقاد-
لارىنىڭ قەدىرلى بولىشۇي، كۆڭىللەرى ساپ، ئىخلاس-
لارى خالىس بولغانلىقىدان بۇ مەرتەبەگە ئېرىشىپ،
تا بۇ ۋاقىتقاچەيىن بارلىق مىللەت ئالارنى دۇغا بى-
لەن يادلاماقتادىر. ئالار بۇ مەرتەبەنى يامان يوللار
بىلەن ياكي جاپا چىكىشۇلەرى بىلەن تاپقان تۆگىل،
فەقەت دېنلەرىنى ساقلاۋ ئۈچىن بىر ئېيكى فەرسەخ ①

① فەرسەخ - مۇسافا ئۆلچەمى - بىر فەرساخ 6.24 كى-
لومېتىر كېلەدى.

جىرگە سەپەر قىلغانلىقىدىن، ئاللانىڭ خىكمەتى بە-
لەن ۋەھەن پەررەلىد يىنۇھۇمىن ئەرزۇ ئىملەلىتەرز ۋە
ئىنىكانە شىبرە ھىنەل ئەرز ئىستەۋجە بەلجەنىنەتە» مە-
غنەسى: پەيغەمبەرىمىز: «بىر كىشى دىنىمىن ساقلاۋ
ئۇچىن، بىر جىردەن ئىككىنچى جىرگە كۆچسە، ئول
كىشى جەننەتلى بولا» دىگەن پەيغەمبەرىمىزنىڭ سۆز-
لەرى بىلەن تەستىقلاغاندىر. خۇسۇسەن يارلغان زامان-
داغى ئاز غەمەل، كېيىنچەلىك زامانداغى كۆپ غەمەلگە
بارابەر بولار: «مىن تەمەسەكە سۈننەتى غىندە فىسادى
ئۈممەتى خەلەھۇ ئەجىرۇن مەئەتە شەھىدا» مەغنەسى:
«ئۈممەتلەرىم چۇشكۈنلەشكەندە مىنىم سۈننەتلەرىم-
نى تاشلاماغانلارنىڭ ئەجىرى. يۈز شەھىدە ساۋابىنا
بەرابەر» دىگەن خەدىس شەرىق بۇغان شاھىدىر.
زالىم، جەبىر قىلغۇچى دەقىيانۇس مەرخەمەت-
سىز خاياتىدە بىك مەغرۇر ۋە تەكەببىر بۇلىپ، بىك
كۆپ بۇزۇقلىق قىلىپ، ئاخىرىدا جەبىرلەۋچى بۇزۇق-
لىق ئىيەسى گۆردە قالدىمى، سىرتتا قالدىمى ئىت ئا-
شادىمى، قۇش ئاشادىمى؟ مەغلۇم ئىمەس. بۇ خورلىق-
قا قالىغۇچى مەڭگىلىك لەغنەتكە گىرىفتار بولدى. ئاقى-
لى بارلار ئۇچىن بۇ ئىكى خەلىنىڭ نەتىجەسىندە خۇدا
دىگەنىنەن ئارتىق ھىچ ياقشىلىق يوق ئىكەنلىكى تۇ-
شۈنىشلى.

(دەقيانۇس)، (تىقىيانوس) مەشھۇر ئىسمى (دە-
قيانۇس دۇر) ئەسلى بابىلدىن ياكى يۇناندىن بەنى
ئىسرائىلدىن ئىمىش. ئەۋلادەگى ئەخۋالى ھىچ نەر-

مەسىز بىر پەقىر بولۇپ، كىملەرگە ياللانسادا ماڭ-
لايىدا يازىلغانى قويچىلىق ئاڭا خاس بولۇپ، قوي با-
غۇغا دەتتىنە ئايلانغان. سۆيۈكلى يۈزلى، ئۇستا سۆزلى،
قەدىرلى يىگىت ئىدى، يەشى قىرقىقە جىتكەنچە غۇمە-
رى قويچىلىقتا ئۆتىپ، بىر كۈن ئىبادەتىندە خۇداغا
يالىنىپ: «ئەي بار خۇدايا! يەشىم قىرققا جىتتى، يەنە
مۇنچە غۇمرىم بارمۇ - يوقمۇ، ھامان بەندەلەر خىزمە-
تىتىندەمەن. مېغان دەۋلەت بىرسەڭ دۇنيانىڭ رەخە-
تىن كۆرسەم» دىيە. ئول تىنچ كۆڭلى ۋە بارلىق خىيا-
لىم بىلەن ئىبادەت قىلايىن - دىمەدى. ياتىپ يۇق-
لاپ تۇشىندە بىر خەبەرچى ئاڭا دىيە: «دۇنيادىكى دەۋ-
لەتنى تىلەسەڭ سىڭا بىردىلە، ئەخرەت رەختىنى سۆرا-
ساڭ، ئۇشى خەلىڭ سىڭا كىفايە ئىتەر، قايسىنى ئى-
ختىيار قىلاسىڭ؟ ئۆزىڭ بىل» دىگەندە، ئويانىپ ئۆزىدىن
فىكىر قىلىپ، قايغىرغانىدان كەيىن، كۆڭلى دۇنـ-
يالىغىنا قىزغىپ، دىيە: «ئەگەر مىنىم ئەخيرەتلىك تى-
لەگىمە تىلىڭ كىلەتىن دۇنيا بىرسەڭ، مىنى پادىشاھ-
لىق دەرەجەسىنە جىتكىز» دىيەدە يەنە ياتىپ يوقلى،
خەبەرچى يەنە تۇشىندە كۆرىنىپ ئەيتە: «ئەي ئادام
سىنى ئىختىيارلى قىلدىق. ئەخيرەتنى سوراساڭ ئى-
يدى، سىڭا دۇنيالىقنى ھەم ئەخيرەتلىك بىرىلە
ئىدى، بىلمەي قالدىڭ. ئالداندىڭ. بارا دۇنيالىقدان
ھەر تىلەگەنىڭ بولىپا بىرلدى» - دىيدىدە كىيتتى. بۇ
بىچارە ئويانىدى. ئەخيرەتنى ئۈچىن ھىچبىر قايغىرمادى؛
«بۇ دۇنيالىق مىڭا قايدان ئىرشەر ۋە قاچان تىلەگەر،

دىپ قايغىرىدىرغا تۈشىدى» ئۇزاقدان تاڭ ئاتتى. غەدەم-
تىنچە قويلارنى ۋاقتىندا چۈپلىككە ئاپارىپ باغىپ
تۇرغاندا كۆردىكى، بىر قوي چۆقۇرغا تۈشكەنمىش. ئە-
نچىنزلىق بىلەن تىپىرلاپ چىقالماي ياتقان ئىكەن
بارىپ قوينى چىقاردى. بۇنى تىپىشنىڭ ئىكەن دىپ قا-
راپ، بىر تاشنى كۆرۈپ قولىغا ئالدى. خەت يازىلغان
ئىكەن. دىققەتنى بىلەن ئوقۇپ كۆرگەن بولسادا بىل-
مەدى. تاشنى ئېلىپ شەھەرگە كېلىپ، ھەر كىمگە كۆر-
سەتسەدە نەتىجە چىقارالمادىلار. ياقىن شەھەردە بىر
مەشھۇر ئالىم بار ئىدى. تاشنى ئېلىپ بارىپ ئاڭا
ئوزاتتى. ئۇل ھەم خۆكۈم چىقارالمادى؛ ۋەلەكىن دىدى:
«مىسىردا بىر مۇسا شەيخ باردىر. ھەر ۋىلايەتدە بىر
غاجايىپ نەرسە تابىلسا، ئاڭا ئېلىپ بارسالا بۇ تاشنىڭ
خەتىنى يەنە ئۇل چىقارار» - دىدى.

دەقيانۇس بۇ سۆز بىلەن مىسىرغا كېتتى، بارىپ
جىتتىدى، مەزكۇر مۇسا پىرنى ئىزلەپ تاپتى. يولىغىپ
تاشنى قولىنە بىردى. شەيخ خەتنى ئوقۇپ دەقيانۇسنىڭ
يۈزىنە قاراپ غەجەبلەنىپ تىكىلىپ ئويغا باتىپ قالدى.
دەقيانۇس ئانىڭ تىكىلىپ قاراۋىنىڭ خىكمەتىنى سورادى
شەيخ ئەيتتى: «بۇ تاشدا يازىلغانى، تاشنىڭ چىققان
جىرىندەن قىرىق خەتۇۋ جىردە توفىراققا كۆمىلگەن
خەزىنە بار. بۇ خەزىنەنى كىم نەخىرەتلىگىنەن كىچىپ
دۇنيا تەلەپ قىلسا، ئانىڭ قولىنا تۈشەر. دۇنيادا ھەر
قانداي تىلەكى بولسا جىتەر، ئاخىرقى نەتىجەسىنى ئاللا
بىلە دىيىلگەن. سىن بولالاڭ بىر كۆركەم سۆزگە ئوستا.

ئاتىق ئادام ئېيكەنسىلىك. بۇ خەزىنە قولىڭغا كىرگەچكە دۇنيا تىلەكلىنە ئېرىشكەنلەن كەيىن ئاخىرى ئاخىرەتلىكنى بولاچاقمەن ئويلاپ كېتىتىم» — دېيدى. ئۇل يەنە، «چۈنكى ئۇل خەزىنە كۆملگەن جىرنىڭ ئىچىندە بىر بۇت بار، ئاڭا سەجدە قىلماغانچە ئۇ كۆملگەن خەزىنە قولىڭغا كىرمەسى، بولماسا سېھىرلى تىلسىمغا قويۇلغان ساقلاۋچىلار ھالەك قىلار ئىمىش دېدى.

دەقيانۇس ئەيتتى: «ئاخىرەت دۇنيا بىلەن تابىلار مېين ئايرۇنى بىلمەيتىن ئاقىلسىز تۇغىلمىن. دەۋلەتكە مەغرۇر بۇلىپ ئاخىرەتلىكىمنى يوغالتامما؟! بەلكى شۈكۈر ئاناسىن ئورىنلاپ، خۇداغا غىبادەت قىلارمىن ۋە ئۆتكۈزگەن خاتا ئىشلەرىمە تەۋبە قىلىپ ئۆكىنەرمەن. خۇدا كەچۈرگۈچى ۋە رەخىم دىر» — دېدى.

شەيخ قايتا-قايتا ئەيتىپ: «خەتنىڭ نەتىجەسى: بۇ مالغا ئاخىرەتلىكىڭدەن كېچىپ، دۇنيا تىلەگەن بەندە ئېرشەر، ئىمىش. مېين سېنى ئاز كۈن دۇنيانىڭ رەختى ئۈچۈن، ئەخىرەتنىڭ مەڭگى رەختىندەن ئايرىلىشىڭنى لايىق كۆرمەدىم. ئاز كۈن رەختىڭ، مەڭگۈلىك ئازابقا قالدىرا ئېيكەنلىكىن ئويلانىپ كۆر، بۇ ئازغىنا رەخەت بىلەن ئۆزۈڭنى ھالەك قىلما» دېگەندەي كۆپ نەسخەتلەر قىلدى.

دەقيانۇسنىڭ نەفسى-ئارزۇسى غالىپ كېلىپ، شەيخنىڭ سۆزىن تىڭلامەي، كۆملگەن خەزىنەنى ئالىشغا قىزىقىپ كېتتى، ۋە يەنە بىر ئەيتىلگەن سۆزدە، ئەلگى شەيخنىڭدا ئاچكۆزلىك تامىرلارى خەرەكەتكە كېلىپ

دەقيانۇس بىلەن بىرگە بارىپ، كۆملگەن خەزىنەنى
ئالغان سوگىنان دەقيانۇس ئانى ئۆلتۈر-
گەن ئىمىش دېيەلەر. سۆزنىڭ قىسقاسى: دەقيانۇس
ئەلگى ئۇردىنغا كېلىپ شەيخنىڭ ئەيتكەنىدەي قىرىق
خەۋلە جىيرنى قازي. ئاندا، خىسابسىز ئالتۇن - كۈمۈش
ۋە جەۋھەر بولىب، ئانىڭ ئىچىدە بىر ئالتۇن بۇتنى كۆر-
ىپ، ئاڭا سەجدە قىلىب، ساقلاۋچىلارنى ئۆزىنە رام قىل
مىشدىر. بۇتنىڭ كۆزلەرىنە قويىلغان تاشلار بېك قىي-
مەتلى بولىپ، شول خەزىنەگە بەرەبەر ئىمىش. بارچە-
سىن ئالىپ، ھېچكىمگە خاجەتى تۈشمەيتىن بولغانلىقدان
بۇتنى ساقلاب قوزغاماي، بۇزماي شول بويىنچا قويغاند-
ىمىش. بۇ ئارادە شايىتان ئانىڭ ئۆزىنە ئاللانىڭ قارغىشى
بولسىن، ئاڭا يولغىب، ئاقىل بويىنچا ياخشى نەسخەتلەر
قىلىپ، ياخشى كۆرىنگەن بۇتنى قەدىرلەۋنى بۇيىرىپ:
«سېنگا بۇ دەۋلەتنى بېرگەن ئولدىر» — دېيە يوغارغى
قىسسە بويىنچە، ئول مالدان دەقيانۇس ئۆزىنە
كېرەگىنچە ئالىب، قالغانىن ئاندا قويىب، نازىك، نىچكە
نەرسەلەرنى كېرەگىنچە ئالىپ تۇردى. نىچە يىللار ئول
شەھەردە ئىستقامەت قىلىپ، سەۋدەگەرلەر ئىچىندە
مەشھۇر بولدى ۋە تانىلدى. خىساپسىز بۇ خەزىنەنى
بارلىغىن ئالىب تۆگەتىپ، بۇتنى دا بىرگە ئالىب، ساۋدا
بىلەن فارىس مەملەكەتىنە كېلدى، ئاندا پايدا مەنفە-
ئەت كۆپ بولغانلىغى ئۈچىن نىچە يىللار تۇرىپ قالدى.
فارىس مەملەكەتىنىڭ ياردەمىنە ئىيە بۆلدى ھەمدە

ياردەمچىلەر بىلەن ئۆيرەنىشىپ ياقىنلىق خاسىل قىلدى. بۇلار دەقيانۇسنى ئۆز شاھىنە مەغلۇم قىلىپ ھيچ نەرسەگە مۇختاج ئېمەس، كىيىكىن، سۆزگە چيچەن، ئاقىل فاراسەتتە دەۋلەتكە ۋەزىرلىككە مۇۋافيق ياخشى ۋە تالانتلى دىيىپ، ئارتىدرىپ ماقتىلار. پادىشاھ دەقيانۇسنى كۆرمەكنى ئىستەب چاقىرتقاندا، دەقيانۇس خەددىدەن ئارتىق ياسانىپ-بىزەنىپ بارىپ كۆرىشە. پاتىشاھ بۇنگا ئارتىقچە مەخەببەت كۆرسەتە. شول ۋاقىتتا رۇم پادىشاھى بىلەن بۇلارنىڭ ئاراسىنە بىر ئاداۋەت ۋە سۈۋۈقلىق تۇشۇپ، زور سوغىش بولىۋى ئانىق ئىدى. دەقيانۇسنىڭ ئەسلى رۇملىق بولغانلىغىندان فارىسلارنىڭ خوجاسى. بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى ئانگا تاپشىرۇ بىلەن كۆپ غەسكەرگە سەردار قىلىب ئانى رۇمغە جىبەرە. فارىس غەسكەرلەرى كىلگەلىگىن ئىشىتىپ، رۇم پادىشاھى يەنە خىساپسىز غەسكەر بىلەن قارشى چىغىپ، مەيداندافى سوغىشدا رۇم غەسكەرى جيڭىلىپ قاچا، پادىشاھى غەسەرگە تۇشۇب ئۆلتىرىلە. دەقيانۇس ئانىڭ فايتەختىن ئالىپ، رۇمغا پادىشاھ بۇلا. سوڭىندان فارىس شاھىنا خەت جىبەرىپ: «دۇشمانىڭىزدان ئۇشلاي ئۈچ ئالىپ فايتەختىن ئالدىم. ئېندى مەسلىخەت بىلاي، مىن مۇندا تۇرارمىن، شەھەرىڭىزدەكى مال-مۈلكىمنى ۋە ئەسباب ئەيىبرلەرىمنى ۋە ھەممەسىندەن ئارتىق مەخسۇس خۇجرەمدەكى مىينىم بۇتىم بار. ئانى ئەزىزلەب ۋە بىيك خۇرمەتلەب مىنگا جىبەرۈڭىزنى ئۈمىت ئېتەم. مىنىم دەۋلەتىم ۋە بۇ مەرتەبەم ئۇلۇغ دەرەجەم بۇتۇنلىي ئول بۇتنىڭ ياردەمى»،

دىگەنلەر شىكىللى كۆپ سۆزلەرنى يازغان. خەت فارس
شاھىنا جىتىكەچ ئۇل ئاچۇۋلانىپ: «مېنىڭ بەختىمنى
ئۆزىنە ۋە ياردەمىمنى بۇتىنا بەيلەشتۈرۈپ، بۇ دەرەجە-
لەرگە جىتكىزگەن ياخشىلىغىمنى ئۇنۇتقان. بۇلاي بول-
غاندا ئىختىيمال. بىر كۈن مېڭادا قەست قىلارلىق قۇۋۋەت
تابۇدان بۇرىن ھەرەكەت قىلماق كېرەك» دىيىپ دەرخەل
ئەسكەر توپلاپ دەقيانۇسقا قارشى ئاتلانغان. بۇ تارافتا
دەقيانۇس شاھىنىڭ كېلەياتقان خەبەرىنى ئىشتىپ ئەس-
كەر بىلەن قارشى چىققان شاھىنىڭ خاتا ئويى بۇ ئىدى:
«دەقيانۇسنىڭ ئەسكەرى بولسا، ئۆز ئەسكەرىمدىن. بار
غانىمدا بارچاسى مېغان كېلەر. رۇمنىڭ ئەسكەرى بولسا
دەقيانۇس ياقىنداغىنا بارغانلىقىدان. ئالارغا ئەلگە قەدەر
پايدا - زىيانى ئۆتمەگەن، كۆڭۈللەرى يەنەدە مېنىڭا تار-
تار» — دىيىپ ئاتلانغان ئىدى. ۋاخەلەنكى) «ئەل ئىنسان
غەبىدۇل ئىيخان»، مەغەنەسى: «ئادام بالاسى غەمخۇرلىق
قىلۇچىغا بويسۇنا» دىگەندەي. دەقيانۇسنىڭ بۆلەكىلەر
ۋە ساخاۋەتلەرى نەتىيجەسىندە ئىكى تارافنىڭ ئۇلۇغلارى
بىر نىيەتتە دەقيانۇسنىڭ خىزمەتىندە بولدى. دەقيا-
نۇسنىڭ ئەسكەرلەرى چىداملى بولىپ، ئاخىرى شاھىنىڭ
ئەسكەرلەرى جىڭىلىپ، ئۆزى ئەسىرگە تۈشتى. دەقيا-
نۇس ئانى ئۆلتۈرىپ ئۆزى رومغە ۋە فارسقا پادىشاھ-
بولىپ، بارلىق ئەسكەرلەرى بىلەن شاھىنىڭ فايتەختىنە
كېلىپ مەشھۇر بۇتىنى ئالىپ. نەۋۋەلگى غادەتىنچە ئاڭا
تابىنىپ ۋە بارلىق خالقىنى ئاڭا تابىنۇغا بۇيرىق تۈش-
ىردى. ئانىڭ خۇكۇمىندە بولغان بارلىق كىشىلەر بۇتقا

سەجدە قىلدىلار. سۆگىندان ماۋىرە ئۈننەھرى ۋە تۈر-
كىستان غەربىدە ۋە ئاندان تۈركىستاننىڭ شەرقىگە ئۆتۈپ
بۇتنى بىرگە ئالىپ يۈرۈپ، ھەر بىر كېلگەن شەھەرنىڭ
خالقىنى شۇل بۇتقا تاپىندىردى. ئەگەر ئاھ ئۇرۇپ تاپىنـ
ماسا ئوتقا كۆيدىردى ياكى كىرىپ تاقتايغا چېگەلەپ
قورمىتار ۋە يوللار بويىدا ئاسىپ قويار ئىدى. ئوشىلاي
قىلىپ شەھەردەن - شەھەرگە كېزىپ، تۇرفان ۋىلايەتىنە
كېلىپ ئاندا پاغىندىردى. ئاتىرافلارغا ئادامىلارنى ۋە
جاسۇسلارنى جىبەرىپ: «قايسى جىردە شەھەر ۋە خالىق
بارلىغىنى كۆرۈپ ۋە بىلىپ، مېڭا خەبەر بېرەرسىزلەر» —
دېدى. ئادامىلارى ئاتىرافىداغى بېش كۈن، ئون كۈنلىك
يىراق جىرلەردەن ئادام ۋە شەھەرلەر تاپالماي قايتىپ
كېلگەنلەر. ئالارنىڭ ئەيتىشلەرىچە ئول ۋاقتتا تۇرفان-
نىڭ شەرقى ۋە شىمال تارافىدا بىر ئايلىق، بەلكى ئاندا-
ندا ئارتىق ئارالىقتا شەھەرچە ۋە قارا تۈسلى نەرسەدەن
ھىچ نەرسە يوق ئىكەن. ئادامىلارى قايتىپ كېلگەنىدەن
كېيىن ياقىن جىردە خالىق يوقلىغىنى بىلگەندۈك، چىن
مەملەكەتىنە باردان قورقا ياكي ئانى يىراق بىلىپ،
ھىچدە بىر خەلى قالمى، ئول بىردەن ئەسلى مەملەكەتـ
ىنە قايتۇنى ئويلى، ئانىڭ ئەسلى كېلگەن جىرى يە-
غنى تۇرفان ۋىلايەتىنىڭ بارىپ توقتالاتىن چېگى بول-
غان ئاستانانىڭ جىرىنىڭ مۇنبەتلىگى ئاغار سۇۋىنىڭ
كۆپلىگى، ھاۋاسىنىڭ مۆكەممەللىگى ۋە فايتەخت بولۇ-
غا بىيگرەكتە لايىق ئىكەنلىگىنى ئويلاپ ئاڭا قايتا. ئول
جىردە مەنقىتى قورغان ۋە چىدامىلىق بىنالار سالىپ،

ئۈچ يىلدان ئارتۇق ئاندا تۇرۇپ، بارلىق خالىقنى ئەلگى
بۇتقا تابىنىشقا مەجبۇرلەپ، خالىق ئاڭا سەجدە قىلار
ۋاقىتتا، ئۆزىدە بۇتى بىلەن بىرگە ئوتىرغانلىقتىن ئانىڭ
بۇتىنا سەجدە قىلامى، ياكى ئۆزىنىدە سەجدە قىلامى
دىيىپ ئىختىلاف قىلىشقانلار. بەغىزلەر بۇتقا سەجدە قىلارغا
ئەمىر قىلدى دىسە، بەغىزلەر ئۆزىنىدە سەجدە قىلارغا
مەجبۇرلەدى دىيىشىپ، شۇغان كۆرە ئاللالىق دەغۋەسى
قىلدى دىيەلەر. الفياز باللە (ئاللا ساقلاسىن) ئىيكى
خەلىنىڭ قايىسى بولسادا بىرىسى - بىرىسىدەن ئەشەددى
ۋە بىرىدىن - بىرى ياماندىر. ئۇشى ۋاقىتتا ئەسخاب
كەھف ۋەقىيەسى بولىپ ئالار غارغا كىرگەنلەردىر،
دىگەن قىسسە يۇنان ئىلىنىڭ يازىلدى. دەقىيانۇس غار-
نىڭ ئاۋزىنى بىكىتكەن سوڭ بىر يىل يەنە شەھەردە
تۇرىپ كەيىن فايتەختىنە قايتىپ، يولدا ھەلەك بولمـ
شدىر. بارلىق ئۆمرى ئالتمىش ئالتى يىل بولىپ
ئون ئالتى يىل پادىشاھلىق قىلمىشدىر خىيكا-
يەچىنىڭ بۇ خەبەرى خەزىردە پولات شەيخىنىڭ
قولىنداغى تەزكىرەنىڭ بەغزى مەزمۇنىنا ياقىن كىلەدى
مىراتدە: «دەقىيانۇسنىڭ پادىشاھلىقى ئالتى يىل بولىپ
پايتەختى تارسوس ئىدى» دىيىلگەن. ئۆزىنىنەن كەيىن
ئەۋلەدى قالىپ پاتشاھ بولغانلىقى تارىخلاردا كۆرىنمىدىر
يازغانىمىزداي دەقيانۇسنىڭ لايىق كۆرگەن ئورىندا سال-
غان قورغانى خەزىرگى ئاستانەدا. بىك ئىقتى چىدامىلى
بولغانلىقىدان. ئۇشى زامانغا چەيىن قايىمىر جىرلەرى
يىقىلماي تۇرغان ۋە يەنە شەھەرنىڭ ئورتاسىدا بىر

زور مۇنارا بار ئاڭا تىزىن ① ۋە تورا ② دېيىلەر، بۇ دەقيانۇسنىڭ دىۋان خانىسى دىر. ئۈچ قاباتى خەزىندە بار. ئاندىن يوغاردىسى بولسا خاراب بولغان، قالغان جېرى تەخمىنەن ئوتتىز گەزچە بەلكى ئارتۇغراق بولار، ھەر قاباتتا كۆرۈنۈپ تۇرغان بۆلمەلەرى، ئىككى ياقتا ئون ئىككى بۆلمەدەن ئىبارەت بولۇپ تاۋ ئۆڭگۈرى شېكىللى ئويۇپ ياسالغان سۈرەت بىلەن تەمسىللەر ئىنغا- دەلەنگەن. كۈن باتىشى ياغى قولاپ كېتكەن، تۆبەسىنە ئۆشى تەرەفدەن چىقارلار. ئاستانا خەلقى ئۆلكەن - كىچ ىى بارلىغى باش باھار نورۇزدا ئانىڭ ئۈستىنە چىقىپ سەيلىگاھلارنى تاماشا قىلالار، ئاڭا چىققاندا ئاستانا قەلەسى ئالاقاندا تۇرغانداي كۆرۈنە ئول ئاتىرافداغى شەھەرلەر- نىڭ بارلىغى كۆرۈنە دېيەرگەدە مۈمكىن. بۇ تىزىننىڭ قۇرۇلىشى خەيرەن قالارلىق ياسالغان. ئەۋۋەل تۇفىراقنى تاۋ قىلىپ ئويۇپ، قاتتى تۇيۇپ، سوڭىندان ئىچىن ئويىپ، تاۋداغى غار شەكىلىندە ئۆي قىلا، ئۆزىنە كۆرە ئوخشاتىپ مۇناسىپ ياسامىشدىر.

تۇيۇقنىڭ سۈۋى بولسا ئەسحاب كەھفنىڭ يىلغاسىدىر. بۇ سۈۋنىڭ بويىنىڭ ئىككى ياغىنداغى تاۋدا بىر يارىم فەرسەخ جېرگەچە بولغان تاۋلارنى ئويىپ ئۆيلەر يا-

---

①تىزىن - سولتان سارايى دېمەكتۇر. فارسچە ئارك، روسچە دۋارىس دېيىلەر - ئافتور

②تورا - ھەر بىر ئۆزۈن ۋە ئىلق بىيىك نەرسىلەر- نىڭ ئىسمىدىر. مۇنارا كىبى - ئافتور

ساقان. بىر ئېشكەدىن كىرگەندە ئىچىندە نېچە بۆلمىگە كىرگىلى بولا. بۇنداي ئۆيلەردىن ئۈچ يۈز چاماسىندا ئۆينى سانادىم. ئىچكى ئېشكەدىن ئاخىرىنا قەدەر سۈرەتلەر خەزىر سىزىلغانداي بېزەلىپ ئىشلەنگەن. لەكىن كۆپىرەگى خاراپ بولغان. تاۋنىڭ ئۈستىندەرەك بولغانى ئۆز بويىنچا تۇرغان، ئاڭا چىقماق بېك قىيىندىر.

يولداشىم خاجى ئىسماغىل ئەفەندى بىلەن بىر يول تاپىپ چىقماق ۋە سەيەخەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ، تۆۋەندەن قاراغانىمىزدا ئۆڭايغىنا بىر يول كۆرىنىپ، ئاتلارىمىزنى ئۆچىنچى يولداشىمىز فەيزۇراخمانغا بېرىپ جەيەۋ يۈرۈپ كېتتىك. بارار يولىمىزدا بىر تاشقا يولۇقتۇق. ئاڭا چىقامىن دىپ ئاسىلىپ قالىپ، ئاندان ئۆتۈش مۇمكىن بولماغانلىقدان قايتىپ تۈشۈۋېنە قىيىن بولدى. ئەرەن-ئەرەندە ئاندان تۈشتىك. بارار يولىمىز سىپىل ئاققاز ساي ئىكەن، سوڭىندان ئىككىنچى يولدان ئۈستىنە چىقتىق. ئىچى سۈرەت بىلەن تولغان، بۇتخانە بولغان غەلەمەتلەردە بار. قايسى تۈردەگى بولسا بولسۇن. بىرەر يازۇ بولارمى دىپ، كۆپ تېكشەرىپ ئىزلەدىم، سۈرەتلەردەن باشقا ھېچ نەرسە كۆرىنمەدى. لەكىن بىر ئۆيدە: «بىسمىللە ئىرراخمان ئىررەخىم» (مەغنەسى: بېك شەفقەتلى ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دىپ يازىلغان بىر يازۇغا غەجەبلەندىم. سوڭغى ۋاقىتلاردا يازىلغانلىقى ئىسمە كېلدى. چۈنكي بارلىق ياغى سۈرەت بىلەن تولغان تۇرسا، بىسمىللەنىڭ ئاندا نې مۇناسەبەتى ۋە بىرگە تۇرۇۋى بار؟ كەينلەردە مۇسۇلمان-

لار يازغانلىق ئىختىمالىغا ياقىندۇر، لېكىن بۇ باشقىچە ئورنىنىڭ ئىككى ئەسىر ئەتىقە ئىكەنلىكى مۇلاھىزە ئىشلىگەن غەلەمەتلەردىن بىلگىلى. شۇلايىق قايسىمىز جىرلەردە چىقىپ تۇرغان كىرپىچلەرى، ياقىن زامانىنىڭ ئادەملەرى كۆتەرەككە غاجىزلىك قىلا تۇرغان، ئۆلكەن ئاسىل كىرپىچلەردىر. ئۈچىنچى غار بىيىككلىكتە، تاۋنىڭ باشىندا قالىپ، سۇنىڭ تۆۋەندە يىراقدا بولغانلىغى، ئۇزۇن زامانلار ئۆتكەنلىكتەن سۇ جىرنى ئىزىپ، توفىراق - تاشلارنى، سايىنى ئاقىزىپ تىرەنلەتكەندۇر. ئىنسان ھەر ئىشىدە قۇلاي ۋە ئوڭايلىقنى ياراتىۋى تەبىئي ئىكەن، فايداسىز مەشەقەتنى ئۆزى جىدۇ بىلەن، سۇغا يىراق ئۆيلەر ياسىماسلار ئىدى. سۇنىڭ يىراقلىغى زامانلارنىڭ ئۇزاقلىغىنا دەلىل بولالاتىن خەلدىر.

تاۋلارنى ئويىپ ئۆي ياساۋ، غارلاردا فەقير تۇرۇ: «ۋەتەنختۇنە مىنەلجىبالىبىيۇتا» (يەغنى: ئالار تاۋلارنى ئويىپ ئۆي ياساپ تۇرالار ئىدى) دىگەن ئايەتنى قاراغاندا: بىك ئاشغۇچى سالىخ غەلەيھىسسالەمنىڭ سەمۇد قەۋمىنىڭ بىگرەكتە ناچار غەدەتلەرىنىڭ كۆرىنىشدۇر. ئالارنىڭ ئورىنلارى مەدىنەئي مۇنەۋۋەر بىلەن دەمەشىق شام ئاراسىندا ئىكەنلىكى تەفسىرلەر ۋە تارىخلاردا يازىلغان بولىپ، بۇ غارلارنىڭ ئىچكى كۆرىنىشلەرى ئەگەرچە ھاد ۋە سەمۇد قەۋملەرىنىكىندەي تۆگىل بولسادا، ھاد ۋە سەمۇدنىڭ غادەتلەرىنە ئوخشابراق كىتەدى ھەم ئول غەسىرنىڭ ۋە ئاڭا ياقىن غەسىرنىڭ خالقى بولغانلىغىن

بىلدۈرە، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ غەيرى ئىختىيارى بىلەن قىزغىنلىقى ۋە تەقلىتچىلىكى ئانىقمۇر،

لەكىن خالىق ئاۋزىدا تۆبەندەكى سۆزلەر بار: «ئەسخاب كەھفنى دەقيانۇسدان قاچىپ غارغا كىرىپ ئالغاچ، ئالارنى تۇتۇ ئۈچۈن كىرەرگە غارنىڭ قورقىنچلى بولغانلىقىدىن چۆچىپ، جۈرئەت قىلالمىغانلار. شۇنىڭ دىن ئۆزلەرى چىققاندا تۇتۇ ئۈچۈن گۆزەتچى ئەسكەر قويىلغانىمىش. تاۋداغى غارلار شول كۆزەتچى ئەسكەرلەر- نىڭ ياتاتىن ئورۇنلاردىر دىيەلەر. ئالار بىر قەدىن يەغنى ئوتىز يىل ياكى ئارتىغراق كۆزەتىپ ياتقانلارە دىيەلەر بۇ سۆزلەر خاتا ئىكەنلىگى ئىلىم ئىدارەك ئىيەلەرى ئالدىندا بۆتۈنلەي ئىشانىشسىز ئەفسانە بولىپ قالا. ئاقىل ئىيەلەرىنە ماقۇل بولماسلىغى ئانىق كۆرۈنىپ تۇرا.

دەقيانۇسنىڭ پادىشاھلىغى ئون دۆرت يىل ياكى ئون ئالتى يىل دىگەن سۆز بار. لەكىن گۆزەتۈچىلەرنىڭ نەيتۇنچە دەقيانۇسنىڭ پادىشاھلىغى ئالتى يىلغىنا دي بىر نەرسەنى گۆزەتىپ، «بۇگۈن چىقارمى؟ ئىرتەگە چى- قارمى؟» دىيىپ، ساقلاپ تۇرۇ ئۈچىن تاۋلارنى ئويىپ ئۆيلەر ياساپ، ئانى زىننەتلەپ بۇ قە- دەر كۆركەم كۆرۈنىشلى قىلماسلار ئىدى. گۆزەتچى بول- غانلاردا دۆرت تارافىنىڭ ئۈچ ياغىن بوش تاشلاپ فەقەت بىر تارافىن بىر ياكى ئىكى فەرسەخ جىردەكى غارلارغا كىرىپ ياتىپ، يوقلاپ كۆزەتمەس ئىدى، ھەرقانداي ئىش قىلسا، غارنىڭ ئالدىندا ئىشلەنىر ئىدى، بىر تارافىن گۆزەتكەندە ئىكىنچى ياغىندان چىقىپ كىتىشۇنى ئويلا-

ماسمى. بۇ غارلارنىڭ قورلىشىنا دىققەت قىلىپ قاراغان-
دا، قۇرۇقچىلار ئۇل چېيىردەن تېز ئارادا كېتىشۇ
تۇچىن ئېمەس، بەلكى ئەۋلەتتەن - ئەۋلەتىنە قالىشۇ ئى-
كىيرىندە ياساغانلار. ئۇل تائىفاداغىلار مەنسۇخ ①
مەزھەپتە فانىي ② غالەمگە ئېتىقاتلىق ئادام بالالارى
ئەۋلەتلەرى مەڭگە شول جېيردە قالىشۇ ئىكىيرىندە ئى-
شلەگەنلەر. نېچە ۋە نېچە يۈز يىللار ئاندا تۇرغانلار،
ئىختىيارلارى بىلەن ئېمەس، ئاللانىڭ ئىرادەسى بى-
لەن باشقا ياققا كېتكەنلەر. ئاستانا - زۇۋسىنىڭ يوغار
باشىندادا، ھەم باشقا تاۋلاردادا شۇل شىكىللى غارلار
بارلىغىن، تاملارىندا سۈرەتلەر بارلىغىن ئەيتەلەر،
ئاللارىندا ئەسخاب - كەھفنى كۈزەتۇچىلەرىنىڭ ئورنى
دىيەك بولارمى؟ قاندى بولسادا، شول زامانداغى ئا-
داملار تاۋلاردا ئورناشىپ تۇرۇ غادەتلەرى بولىپ، شە-
ھەرلەرىندەدە شۇندىي ئۇڭگۈرلەرى بولغان ئىدى.

ئاللا بىلۈچىدىر، ئۆزىنىڭ ئىك قەدىمىدەن بار
بولغان غىلمى بىلەن بىلگەچىدىر.

بۇ ئۆيلەر ۋە غارلار ئىسلامىيەتتەن بۇرۇن ئۆت-
كەن خىكايەچىلەرىنىڭ سۆزلەرىن تەسدىقلەپ دۇرۇسكە
چىغارارلىق ئەسخاب كەھف ئەكىيەتىنىڭ نىگىزى بولغان.
«دۇرئاتئولكائىنات» دا مىرخوندنىڭ تارىخ-

---

① مەنسوخ - مەنىخ قىلىنغان مەزھەپلەر - ت

② فانىي بۇ دۇنيا - ت

③ باقىي - ئۇ دۇنيا - ت

دىن نەقىل ئالىپ ئېيتە: بۇلار يەغنى ئەسھاب كەھف،
يۇنان ۋىلايەتىنىدە خەزىردە تارسوس ئاتالغان ئەفسوس
شەھەرىنىدەن ئىدى دېگەنى، كىشىلەر بىلە تۇرغان رۇ-
مداغى تارسوس ئىمەسلىكىنى كۆرسەتە. چۈنكى يۇنان
قاي جىيردەلىكى جۇغرافىيەلەردە ھەممەگە بېلگىلى.
ئادەملارنىڭ ياۋىزى دەقيانۇس رۇمدان ياكى بابىلدان
دېگەنى قاي جىير؟ فايتەختى تارسوس دېگەندەدە شۇب-
ھە بار، شۇنلىقدان ئول فىكىرلەرنى رەت قىلىۋ بىلەن
مۇقىملاشتىرۇ قىيىن. يەنە ھەر بىر بارغان شەھەر خا-
لىقنى بۇتقا چۇقىنىرغا زورلى: كۆنمەگەنلەرنى ئۆلتىرە،
چەبىرلى ئاخىردا ئەفسوس شەھەرىنە كېلدى، دېپ يا-
زىۋلارى ۋە تەرجىمەنى ئەبىياندا: «دەقيانۇس ئەفسوس
شەھەرىنە كېلگەندە ئەسھابلەر شۇندا ئىدى» دېگەن
سۆزى، «خەيەتۇلغايۋان» دا: «ئەسھاب كەھفلەر تۇر-
غان شەھەرگە كېلدى» دېگەن سۆزلەرنىڭ بارلىغى دە-
قيانۇس ئۆزى تۇرغان جىيردەن چىغىپ باشقا شە-
ھەرگە كېلگەنلىكىنى، شول جىيردە شوندى قىلىقلار قى-
لغانلىغىنى كۆرسەتە. يەنە دەقيانۇسنىڭ چەچلەرى
ئۆرۈلى، ئالتىن بىلەزىكلەر سالغان ئىدى، دېگەن سۆز-
گە قاراغاندا، بۇ ئېلنىڭ بۇرۇنغى قائىدەلەرىنىدە ئىر
كىشىلەر چەچلەرنى ئۆرۈ ۋە بىلەزىك بىلەن ئۆزلەرنى
زىنەتلەب يۈرۈ غەدەتى بولغانلىغىنى بىلدىرە. بۇ ئـ-
يىكى غەدەتلەرنى ئىسلام يوغالتقان بىلەن كافىر-
لاردا ساقلانىپ قالغان. مەسەلەن: خىتايلاردا ئۇزۇن
چەچ قويۇپ ئۆرۈ، بىلەزىك سالىۋ بار ئىش. بۇلاي

بولغاندا زامانىمىزداغى بەزىلەر، «ئەسھەب كەھف رۇمداغى تارسۇستا ئۆتكەن تۇرسا ۋە دەقيانۇسنىڭ پايتەختى ئىدى» دېگەنلەرنىڭ ئاساسى يوق. ئوقىغان كىتابلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرمەستىن جىگىلتەكلىك بىلەن چىقارغان خۇلاسالاردۇر. كىتابلارداغى سۆزلەر بىر بىرىسىنە ئوخشاۋ ياكي ئوخشىماسلىقلارى بار ئىش.

بۇ ئورۇننى زىيارەت قىلىش فارىز ياكى ۋاجىپ بولماسادا، ئاللا قاشىندا قابىل قىلىنغان ياخشى كىشىلەرگە مۇھەببەت يۈزىسىدەن بارىپ زىيارەت قىلسا ئاللا بۇيۇرسا ساۋاپسىز بولماس. ياخشى ئىش نەتىجەسىز قالمىغاي، بارغانلار ساۋاب تاپقان كىبى ئول ئەۋلىيەلەرگە كىشىلەرنى قىزىقتىرغۇچىلاردا ياخشىلىققا دەلالەت قىلغۇدا خەيىرلى ئىشدەن سانالا دېگەن سۆز بويىنچە ئول ئورۇننى زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ ساۋابى بىلەن بەرا بەر ساۋاپقا ئىگە بولا دېگەننى ماقۇل كۆرۈدە دۇرۇس. چۈنكي زىيارەت قىلغۇغا سەبەب بولغانلىقتان تىش، تەشۋىق - تەرغىب ئارقىلى ئۇلارنىڭ ياخشى سىفاتلارىنى سۆيلەۋنىڭ ئۆزىدە بىر ياخشىلىقدۇر. زىيارەت قىلغۇچىلار بىلگىلى جىيردە ئەدەپ بىلەن ئاتتان تۈشۈۋ، جەيەۋ بارىپ تاھارەت ئالىپ، ئۆزىنى پاكلاماق كېرەكدۇر. زىيارەت ئورنى مەسجىت بولغانلىقدان مەسجىتكە تاھارەتسىز كىرۈ مەكرۇھ دېيىلە. غار ئۆزى بىيىكتە بولىپ، ئالدى بىلەن تۆبەنگى قۇلۇبلانغان بۆلىمەنىڭ شىمالي قوتۇپ ياغىنداغى دۆرت

ئېشكلى گۈمبەزگە بارىلا. بۇ گۈمبەزنى زىيارەت قى-
لغۇچىلار دېيم ئالۇ ئۈچىن ھېيجىرىيە بىر مىڭ ئىككى
يۈز يىگىرمە بىرىنچى يىلى فەرىدۇن ۋالى ياساتقان،
پەشتاقىندا بۇلاي يازىلغان:

«بىشىمىم سۈبھا نەھۇلىلنا لەممىن. فەرىدۇن بى-
كلىك ئىبنى ئەممىن خوجە ۋالى بىكلىك رەخمەتۇللا ئە-
لەيھ خەزرەتى ئەسخابۇلكەھفى تاب مەرقەدھۇمىنىڭ
رازىلىغلىرىنى ئىستەپ زاۋزەئىي رىزۋان ئاسار تەجىرى
مىن تەختىھەلئەنھەرلە بەرىزۇ مەزمۇنىدىن سەر شار
نەھىر كۈنبىدا خانقا بازىخ ۋە بەقىخ ۋە مەسجىد چا-
مئە ۋە ۋەسىخ بىنا قىلىپ ۋە يەنە ئۇل ئەمىر رەۋ-
شەن زامىر ئىختىقادى غۇرۇجىدىن قۇربەت بىلەن
قەبۇلىيەتى ئەرجۇمەندنى كۆزلەپ غار فەلەك ئىقتىدار
ۋە مەزار مەلەك ئىستىزار دەرگاھىدا غەينى شەۋق-
دىن تىرە بولغان زايىرلەر كۆزلەرنىي قىتىمىر ھىدايەت
تەخمىر پايگاھى تۇفراغى تۇتىيالارى بىرلە مۇنەۋۋەر
قىلشداغى ئارامگاھلەرى ئۈچۈن گۈنبەز رەفىخ ۋە كۆپ-
رۈكى بەدىئى تەئەممىر ئەيلەدى.

فىي تارىخە: زەھىي خۇجەستە ئەمىرىكى ساخىت ئە-
يىنەتە ئەممىر،
رەسىد رايەزد فەيياز بى تەقسىر.
كەسىي تەنزىيە تارىخى مەقام كۈنەد،
زەۋەجىد غار بەر ئايەد جۇفتاب مۇنىر.

مەغنەسى:

بارچە غالەمنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئىسمى بىلەن

باشلايمەن. فەرىدۇن بېكلىك ئەمىيىن خوجە ۋاڭ بې-
كلىكنىڭ ئوغلى ئاللا ئاڭا رەھمەت قىلسىن. ئەسخاب
كەھق ئەۋلىيەلەرنىڭ رىزالىقىنى ئىزلەپ قەبىر ياساپ
ئەسەر قالدۇرۇپ، ئاستىدان سۇلار ئاقىپ تۇرغان كۆز-
نەكلى خانقاھ، مەسجىد جامەئە كۆركەم بىنا سالدۇردى.
نىيەتى ۋە ئېتىقادى ئالىق ئەمىرىمىز ئالارغا ياقىن
بولسۇ ۋە ئالارنىڭ قابىل ئالىۋلارىن كۆزلەپ غارنى
كۆرۈگە ئاۋان قىلىۋغا قىزىقىقان زىيارەتچىلەرنىڭ كۆز-
لەرنى قىتىمىرنىڭ باشلاۋى ۋە ئاياق ئىزلەرنىڭ توپى-
راغى بىلەن كۆگىللەرنى نۇرلاندىرۇۋدا دىم ئالىۋلارى
ئۈچىن يەنە بىر زور گۈمبەز كۆركەم كۆپىر ياساتتى.

بۇ ئىمارەتنى دانىشمەن ئەمىرىمىز ياساتتى.
بىر غەيبى كىمچىلىگى يوق كۆركەم بولدى.
قاچان ياسالغانىن بىلمەكچى بولغان كىشى،

غارغا يازىلغان شېئىرنىڭ ئاخىرقى سۆزىندە چىقغا
(ئەسلى شېئىردا ئاخىرقى قۇرىنىڭ ئەۋۋەلگى ئىككى
سۆزىندەن ئەبجەد ھېسابى بىلەن ھېسابلاساچىقا)

ئەبجەد ھېسابى بويىنچە ھىجرىيە 1220 - يىل.

بۇ گۈمبەزنىڭ قاشىندافى ئىشىكنىڭ يۈزاغىن
شەيخلەر ئاچىپ، ئاندان يوغارغا چىقاچاق، ئىشكدەگى
يۈزاقنى ئاچىپ رەشەتكە ئىچى بىلەن يوغارغا چىقا.
فارنىڭ ئىشكىندەگى گۈمبەزدە بېكلەۋلى. ئىشكنى ئاچ-
قاچ ئىشككە توغرى تۇرۇپ سەلەم بېرىلە. گۈمبەزنىڭ
ئىچى ئاسىل پەردە، چىملدىقلار بىلەن بېزەلگەن. تام-
لارى ئايەت، ھەدىسلەر بىلەن تولدۇرۇپ خەتلەر ياز-

لىغان، غارنىڭ ئىشىكىگە نەفىس پەردە ئاسىلغان، ئاتىرافىدا «ئەم خەسبىتە» ئايەتى كۆركەم يازۇ بىلەن قىيسەنىڭ ئاخىرى ئون سېكىزىنچى ئايەتكە قەدەر يازىلغان. پەردەنى كۆتەرىپ قويغان سوڭ، قورئەن ئوقىلىپ ساۋابى شول پاك ئەرۋاخلارغا باغىشلانغاندان كېيىن، شەيخ غارنىڭ ئاۋزىنداغى رەشەتكەنى خورمەتلەپ باشى بىلەن ئاچىپ قىتمىرنى زىيارەت قىلدىرا. ئانىڭ پەردەسىن يۈزىنە سۆرتۈ غەدەت بولغان. زىيارەت قىلغۇچىلار ئۆز چاماللارىنا قاراپ قىتمىرگە ياپىق يابالار. قىتمىرنىڭ ئىچكى ياغىنىدا قويىچىنىڭ تاياغى دىيەلەر، تولى ئۆچ زاغ شەرغى (ئۆچ بىلەك ئۇزۇنلىق) بىر قىڭغىر - قىيشىق ئىسكەرگەن، يوۋانلىغى بىر تۇتام ئاغاچ تاياغى بار. ئاندا زىيارەت قىلىپ يۈزىنە سۆرتكەندەن كېيىن، ئاتاغان سەدەقەلەرىنى شەيخكە بېرەرلەر.

گۈمبەز ئىچىندەگى يازۇلار شوندي بىر غەرايىپ فورمادا يازىلغانلىقدان ئوقىپ چىقىۋ بىك قىيىن بولىپ، ئۈچ كۈن تىرىشىپ ئىشىك باشىنداغى ئالتىن يازۇلنى ئوقىدىم:

«ئەۋلىيائى تەختى قوباني لايەغدلە مۇھۇم غەيرى» دىيپ يازىلغان. مەغنەسى: «ئەۋلىيەنىڭ گۈمبەزىنىڭ ئاستىن باشقا كىشىلەر بىلمەي» - دىگەن بولا. ئاسلىنداغى خەدىس: «لايەغرە فۇھۇ» مەغنەسى «تالىماسلار» ئاڭا ئوخشاتىبىراق يازىلغان. شولاي ئوقىرغادا مۈمكىن. بۇ خەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلاردا ئىختىلاف بولغان بولسا، شولاي يازغاندىر دىيەكتە بولا. ئاندان

چىقىپ، غارغا كىرىدۇ. ئوڭ قول ياقىسىدا بىر بۆلۈمچە
بار. بۇنى: «قەدەم جاي چاھاريار» مەنىسى: «چاھار-
يارلار ① ئاياق باسقان جاي» دېگەن بولا، ئاندا زى-
يارەت قىلىنىدۇ. سول ياقتا بىر كىچىكرەك گۈمبەز بولۇپ،
«قەدەم جاي ئافاق» دېيەر. ئاڭادا زىيارەت قىلىلار. با-
لىغىنا قۇرئەن ئوقۇپ ساۋابى ئەرۋاخلارىنا باغىشلانا.

بۇ تەرتىپ بىلەن زىيارەت قىلىش تۇرىسىدا كىتاب-
لاردا مەخسۇس رىۋايەتلەر يوق. لېكىن مۆمىنىنىڭ
ئەدەپلى بولىشى ئاللا قاشىدادا كۆركەملىك، دېگەندەي،
ئەدەپ ياخشى ئەخلاقنىڭ ئىلىك بېشىگى، ئۆلى ياكي
تىرىكلەر بولسۇن ئەدەپلى - ئەخلاقلى بولغان كىشىلەرنى
بارلىق ئىنسان ماقتىلار.

يوغاردا ئەيتىلگەندەي، ئىسلامدان بۇرۇن بۇ
غارنىڭ كافىرلار بۇتخاناسى بولغانلىقى، غارنىڭ خەزى-
نىگى خۇرمەتىنە زارار يەتكۈزمەي، بەلكي غەيرەت بار-
بىر كىشى ئىخلاس بىلەن ئاللانى بىلسە، ئاللا ئاڭا
كافىرداندا خىزمەتچىلەر بېرە. ئانىڭ قەدرىنى يوغال-
تماس، ئىسمىلەرنى ئاۋىزلارىندان چۈشۈرمەس: «فەز-
كۇرونى ئۆزكۈرەكۇم» مەنىسى: «سىزلەرگە ئەيتىلىپ كې-
لىنگەن سۆزلەرنى ئەيتەمەن» بۇغان دەلىل، تارىخدان
بېرلى بۇ جېرلەردە كۆپ سوغۇشلار، ئاۋشولار بولغان.

---

① چاھار يارلار - مۇخەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دوس-
تلارى ۋە ئول ۋاپات بولغاندان كېيىن خەلىفە بولغانلار، ئالار
ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلي لەر بولا - ت

لەكىن ئىسلام زامانى بولسۇن ياكى كۇففار زامانى بول-
سۇن، بۇ غارنىڭ خۇرمەت - ئىززەتىدە ھېچ كېمچىلىك
كېلمەگەن. بارلىقى خۇرمەتلەنگەنلىكلەرى غارنىڭ دەر-
جىسىنىڭ ئەۋلىيالىقىنىڭ دەلىل ئىسپاتى. باشقا كافىر
بۇتخاناسى بولۇپ سوڭىندان مەسجىد بولغان ئورۇنلار
كۆپ، شۇلاردان بىرى بۇخارا شەرىفتەگى مەسجىد مۇ-
فاك، ئەۋۋەلدە جۇھۇدلارنىڭ ئىبادەت خاناسى ئىدى،
ھازىر مەسجىد مۇبارەكدىر. ھەر ئىيرتە نامازدا ھەزرە-
تى خىزىر ئەلەيھىسسەلام ئاندا ھازىر بولا - دىپ
رىۋايەت ئىتەلەر. ئىستانبولدا ئاياسوفىيە ئەۋۋەلدە
ناسارالارنىڭ چىركاۋى ئىكەن. سۇلتان مۇھەممەد فات-
ىخ ئىستانبولنى ئالغاندا، سۇرەت ۋە بۇتلارنى چى-
قارتىپ جۇمغە نامازنى شۇندا ئوقىغان. خەزرەتى خى-
زىر ئەلەيھىسسەلام بارماقى بىلەن مىخرابنى ئەيلەن-
دىرىپ قىبلەسىنى تۈزلەپ بىرگەنمىش. ھەزرەت بارماقى-
نىڭ ئورنى ئول مەسجىدە زىيارەت ئورنىدىر. «كەئبە-
بەتى مەئەززەمە شەرەفەللاھۇ تەئالى ئىلە يومىلقىيا-
مەت» مەئنەسى: «ئۇلۇغ مەككەنى ئاللا تەئالە قىيا-
مەتكە چاقلى شەرەفتلىك ئورۇن قىلدى» ئول ئورۇندا
ئىسلامىدان بۇرۇنلى خەلىدە بولغانلىقى تارىخچىلارغا
يەشىرىن ئىمەس. ئانىڭ قەدىر - قىممەتى ئاللا قاشى-
ندا جىر بىلەن كۆك ئاراسىنداغى مۇسۇلمانلارغا ھەممە-
مەدەن بۈيۈك بولا تۇرۇپتا بۇڭا يىغىلەشتىرمەك ئۈچى-
نكىنە بىر - ئىككى مىسال كىلتىردىم. ئوقۇغۇچىلارغا كى-
يفايە قىلار.

## لۈكچىن ئاتىرافى خەققىدە

ئەسخەب كەھف قەلەسىدەن شەھەرى ئوتتىز يول بىراقلىقتا. مۇسۇلمانلارغا خاكىم بولغۇچى ۋاڭ بىزرۇندان بېرلى شول شەھەردە تۇرۇپ كېلگەنلەر. خەزىرگى مەخمۇد ۋاڭدا ئاندا تۇرا. بۇرۇنقى ۋاڭلاردان قالغان ئىككى قورغان، ئىسكىچە غىمارەتلەر قايسى بىرى تۇرغان، قاي بىرلەرى خەزىرگە قەدەر تۇرالار. شەھەرنىڭ كۆلەمىدە جىتتىمش ئىككى مەسجىد بار. مەخەللەلەرى كۆپى قىرىق، ئىللىق ئۆي، ئورتاچالارى يىگىرمە بىش - ئوتتىزغىنا ئۆيدەن. بەغىزلەرى جىيدى - سەككىز ئۆيگىنە بەغزىلەرى يۈز ئۆيگە ياقىن بولغان بىر شەھەرچە يۇرت.

خەزرەتى خوجە سەغىد ۋەققاس ۋە مۇخفىل تىر ئانداز ① خەزرەتىدە ئوشى شەھەردە كۆمۈلگەن بولىپ، قەبرى زىيارەت ئورنى بولا. رەخمەتوللا غەلەيھىما (ئاللانىڭ رەخمەتى ئىككەۋىنە بولسۇن) ئالارنىڭ ياتلارىندا مەسجىد، جامەغەلەرى بولىپ، ئاتىرافى خۇجىرەلەر بىلەن تولغان. مەخسۇس بېلگىلەنگەن شەيخلەرى بار. ئالارنىڭ ئىسىم ۋە نەسەبلەرىنى يازىشغا، ۋەققە مۇلىكلەرىنى بىلىشكە فۇرسەت بولمادى. بۇ ئىككى زات كىملەر دېسەك) سەغىد ۋاققاس ساخابە، مۇخفىل تىر ئانداز تابىغىن ② ياكى تەبىغ تابىغىن ③ لار.

---

① تىر ئانداز - ئوق ئاتار - ت

② تابىغىن - ساخابەلەرگە ئىيەرگۈچىلەر - ت

③ تەبىغ تابىغىن - تابىغىنلەرگە ئىيەرگۈچىلەر - ت

بۇلارنىڭ ھەر ئىككەۋى چەن - ماچىنىگە ئىلچىلىككە كېلگەنلەر. بىرسى باراردا يەنە بىرسى قايتاردا نەق ئوشى جىيردە ئەجەللەرى جىتىپ ئۆلگەنلەر» دېپ جاۋاپ بېرىشتى. قايتالاپ سورادىم ساخابە ۋە تابىئىنلاردا سەئىد ئىسىملى كىشىلەر بىك كۆپ، ئالارنىڭ ئاتا-بابالارى كىمگە ئاقالا. ئەگەر تارىخلارداغى مەشھۇر سەئىد ۋاققاس دېسەڭىزلەر ئول سەئىد بىننى ئەبى ۋەققاس بول كىشى غەشەرەئى مۇبەششىرە لەردەن ① سەئىد ۋەققاس ئوشى ئون كىشىنىڭ ئىڭ ئاخىرىدا ۋاپات بولغان دېدىم. ئالاردا: «شولاي! شول سەئىيدىنىڭ دەل ئۆزى» دېدىلەر: - بۇلارنىڭ تەزكىرەسى ياكى ئەۋلادەن يازىلىپ كېلگەن بىرەر فاكىت بولارلىق كىتابلارى بارمى، دېپ سوراسام: «ئاندى بىر نەرسە يوق، ئىشتىمۇلەرىمىزگە قاراغاندا شولاي»، دېپ جاۋاپ بېرىشدىلەر. خەزرەتى سەئىد بىننى ئەبى ۋەققاس رازى ئاللا تەئەلە ئەنھۇنىڭ ئۆتمىشى ۋاپات بولغان، كۆمۈلگەن ئورۇنلارى تارىخدان خەبەرى بار كىشىلەرگە بىش بارماق كىبى بىلگىلى ئىندى. ئېھتىمال ئالارنىڭ ئاياق ئىزى بولۇ مۇمكىن. چۈنكى خاسىيەتلى كىشىلەرنىڭ كېلگەن ياكى ئاياق باسقان ئورۇنلارىنا

---

① غەشەرەئى مۇبەششىرە - پەيغەمبەرىمىز ئۆزى ھەم باشتىلار تىرى ۋاقتىندا سىزلەر جەننەتكە كىرەسىزلەر، دېپ خەبەر بېرىلگەن كىشىلەر - ت.

ئول زاماندا گۇمبەز ياساپ قەبىر شيكىللى بېشىنك سېماق ئەرسە ياساۋ بار ئادەت ئىدى. خەزرەتى ئاففاقنىڭ ئاياق باسقان جېرىنە شولاي قىلغانلار. ۋە خەزرەتى ئەلى ۋە خەزرىتى ئۇۋەيسۇلقەرانىي رازى ئاللا تەئەلە ئەنهۇمالارنىڭ جېدى جېردە ئاياق باسقان ئورنى بار. شۇ سەبەبدەن ئوشلاي قەبىر قاتىرغانلار ۋە ياكى سەئىد ئىسىملىك ئىككىنچى بىر زات ئالي سىفاتلى بولۇب، ئەۋام خالىققە نەسىھەت، ۋەئىزلەر سۆيلەپ ئۆگىتلەسە، ئانى مەشھۇر سەئىد ۋەققاسقا ئارالاشتىرىپ ئالمۇلارىدا ئىختىيمالدان يىراق ئىمەس. دەشمەت خوتەندە ئىمام جەئفەر سالي (ئىككىنچى جەئفەر) دېگەن بىر مازارنى ئاۋشتىرىپ، ئىمام جەئفەر سادىق دېيەلەر. ئەمما ئىمام جەئفەر سادىق ئەلەيە رەخمەتۇلغەفۇر، ئىمام خۇسەيىن رازى ئاللا ئەنهۇنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلەتى بولىپ، ھىجرىيە بىر يۈز قىرىق سىگىزىنچى يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋافات بولغان، بەقىئەدە كۆمگەنلىگىنى ھەممە كىشى بىلەلەر. ئادەملار ئانى (خوتەندەكىنى) ئىككىنچى سادىق دېيەلەر.

مۇخفۇل تىرانداز خەزرەتلەرى ئەسلى ئىسمى مۇخفۇل بولىپ، تىر ئانداز دېگەن سۆز ئوق ئاتۇغا ئۇستا دېگەن مەغنەدە. تىر ئانداز ئانىڭ مىركەنلىك سىفاتى. «تىر» ئوق دېگەنلىك بولا، «ئانداز» مەغنەسى: قىلغۇچى، ئويناۋچى دېگەندەي «چى» قوشىمچاسى بولا. مەسەلەن: ئاش قىلغۇچى، ئاشباز - دېگەندەي. ئوق ئاتۇچى ياكى تىر ئانداز دېيىلە.

بۇ ئىكى زاتنىڭ خاسىيەتلەرى، كارامەتلەرى ھەم ئەۋلىيالىقلارى تورىنداغى جاماەتنىڭ كۆز قاراشلارى ئوخشاشدىر. ئالارنىڭ ھەيران قالارلىق ئىشلەرىن ئاشكارا كۆرگەنلەر. ئىشانماۋچىلار ئۆلەرمىشلەر. شۇنىڭ ئۈچۈندە تورا ياخشى نىيەتتە بولىپ خۇرمەت قىلىۋدان باشقا ئامال يوقلىغىندان، جېرلى خالىقنىڭ رىغەيە قىلىۋلارى تولىق بولغان. ئانىسىن ياخشىلىق دىدىم: «ئىززا تەخەييەرتۇم قىلئۇمۇر فەستەغىنۇ مىن ئەھلىلقۇ بۇر» (مەغنەسى: «بىر ئىشكە ھەيران بولغاندا، قەبىردەگىلەردەن ياردەم سوراغىز») دىگەن سۆزگە يابىشىپ ئالغان ئۈشىندي بىر ئىيلنى كۆردىم.

ئوشى لۈكچىن، بازارلى، سەۋدا - تىجارەتلى بىر شەھەردىر. دۇنگەن خالىقى ياساغان زور مەسجىد بار. خاتىن - قىزلارى ئەدەپلى، كۆركەم خۇلىقلى. بۇ شەھەرنىڭ ياكي باشقا جېرلەرنىڭ بولسىن، بۇتۇن ئالتى شەھەر خەلقىنا ئوخشاش خاتىن - قىزلارى، ئېرلەردەن پەشىرنىۋ، بىتىمى يابۇ ئادەتلەرى يوق، يات كىشىلەرگە كۆرىنمەۋنى ئۆزلەرىنىڭ زور غەيىب سانىيلار. يۈز كۆزىنىدە ھىچ غەيىبى بولماغاچ، بازار كۆچەلەرىندە پەرەنجەسىز يۈرەبىرەلەر. بۇلارنى ئۇياتسىز دىپ تۆھمەت قىلىۋ ئىنسافدان ئىيمەس. ئىختىقاتلارى كۈچلى فاخشەلەرى ئاز، بەلكى بۇتۇنلەي يوق دىيەرگە بولا. دىيىنى تۇتۇۋدا باشقا ئىيللەرنىڭ خاتىن - قىزلارىندان كىم توگىل. دۇنياۋي تۇرمۇشتا، ئىشتە - ئاشتا باشقالار بىلەن تىڭ بولۇۋنى تالاشىيلار.

## دىھار ئاۋۇلى

لۈكچۈندەن جىيدىمىش يول مىقدارى جىيردە دى-
ھار ئاۋۇلى بولۇپ، بۇندا قارا ساقال خوجە دىيگەن
ئەۋلىيەنىڭ قەبرى بار. بۇ غەزنىزنىڭ گۈنبەزى تۇر-
فان رايونىنىڭ جەنۇبى چىگىراسىدىر. بۇ زاتنىڭ ئەۋ-
لىيەلىكى بۇرۇن بىلىنمى كىلگەن ئىكەن. بىر مىڭ
ئىكى يۈز ئىككىنچى يىللار چاماسىدا مەغلۇم بولۇپ
زىيارەت ئورنى بولغان. بۇنىڭ قىسسەسى تۆۋەندەگىچە:
خەزىر شول قەبرىنىڭ چىراقچىسى سابىيت ئاخۇن،
ئاتاسى شەيخ نىياز، ئانىڭ ئاتاسى مەگلىك نىياز ئو-
تىن ئالماق بولۇپ بۇ جىيرگە كىلە. ئاتىن پىچەنگە
قويۇپ، ئوتىن چابىپ يۈرگەندە قوم ئاستىندان بىر
ئاغاچ كۆرۈنە. كىيتمەن بىلەن قازىپ بىر - ئىكى
ئاغاچىنى قازىپ چىقارا، ھەم بۇ ئاغاچلار مۇندا قالا-
يىچا كۆمۈلگەن، دىيىپ غەجەبلەنە. قازىپ بىر نىيچە ئا-
غاچلارىدا چىقارا. ئاستىندان ئىكى دانا كۆيدۈرلگەن
كىيرپىچ كۆرۈنە. يەنە قازىپ نى بار دىر دىيىپ قازا-
قازا كىيچ بولا. ئاندان ئاغاچلارنى ئارباسىنا باسىپ
ئىكى كىيرپىچنى تاشلامى ئالىپ ئۆيىنە قايتا. ئىير-
تەن تاغى بارىپ نى بولسادا قازىپ كۆرىم، بولماغاندا
ئوتىن بولسادا ئالارمىن دىيگەن ئويدا بولۇپ، يۇقلاۋغا
ياتىپ تۈش كۆرە. تۈشىندە ئالدىنا بىر قارا ساقاللى
كىشى چىقىپ: «مىينىم قەبرىمدە نى خاقىڭ بار؟ ئا-

غاچ، كېرپىچلەرىمدە نې ئورتاقلىقنىڭ بار ئىدى؟ دېپ
قورقىتىپ ياقاسىندان ئالا. بېچارە مەڭلىك ئاخۇن
قورقىپ ـ شاشىپ: بىلمەدىم غەفۇ قىلىڭىز، دېپ، يې-
غلاپ يالىنا، خوجانىڭ ئاچچىۋى باسىلىپ: سېن بىل-
مەگەنلىكدەن قىلدىڭ، ئىندى ئالغان نەرسەلەرنى كې-
تىرىپ ئورنىدا قوي، دېيەدە، غايىپ بولا. مەڭلىك ئا-
خۇندا ئانىڭ قولىندان قۇتۇلغانىنا قۇۋانىپ «ئۇھ»
دېپ يوقۇسىندان ئويانا. دەرخەل ئاغاچ ـ كىرپىچلەرنى
ئاپارىپ ئورنىنا قويا. بۇ ۋەقىيەنى زاماناسىنىڭ ۋاڭى-
نا خىكايە قىلىپ خەبەر قىلا. ۋاڭ خەزىرەتلەرى ئادام
قوشۇپ تېكشىرىپ كۆرسە، بۇرۇندا گۇمبەز بولغان بى-
يىلگىلەرى سېزىلە. ئاندان نى بولسادا خۇرمەتسىز قە-
بىر بولماس، بىر خاسىيەتى بولماسا گۇمبەزى بولا-
ماغان بولۇر ئىدى دېپ، مەڭلىك ئاخۇنغا: بۇڭا ئۆز-
ڭىز باش بولىپ بىر گۇمبەز ياساغىز. ئىشلەۋچىلەرنىڭ
خاقىنى، باشقا راسخوتلارىنى مېن بېرەمىن دېپ بۇيىرا.
شۇنىڭ بىلەن گۇمبەز ياسالىپ مەڭلىك ئاخۇن چىراق-
چى بولا. ئەۋۋەلگى تابىلمىش ئىككى كېرپىچنى گۇم-
بەزنىڭ ئۈستىنە قويغانلار، ئالار ئەلىمدە بار. ئۈچ
بۇرۇچلى بولىشىنا قاراغاندا، ئەۋۋەلدە گۇمبەز ياسارغا
مەخسۇس قۇيىلغان كېرپىچ بولسا كېرەك. گۇمبەز بى-
تكەندەن سوڭ ئول ئەۋلىيە يەنە شەيخنىڭ تۈشىنە
كىرىپ رازى بولغانلىقىنى بىلدىرىپ مەڭلىك ئاخۇنغا:
سېن بۇ جېرگە قاۋىن ئېيك، ئۆزىڭگەدە ھالالارىڭادا

بېيتە دېيە. مەڭلىك: بۇ سۇسىز ۋە ئىسسىق چۆلدە نېچچىك قاۋۇن ئېگەرگە بولىدۇ؟ شەھەر يىراق ئادام يوق باياۋاندا قايسى تەرىقەدە تۇرارمىسەن دېيە. خوجا: سېن مېنىڭ سۆزۈم بويىنچە ئىشلە، قالغانىنى ئاللا بار دېيە. شەيخ خوجانىڭ بۇيرۇقى بويىنچە ئارقالاپ سۇ تاشىپ قاۋۇن سالا. قاۋۇنلارى بىيگىرەكدە ياخشى بولا. ئادەملەر ھەيرەن قالىپ: دەۋۆلدە مەڭلىك ئاخۇن چىملانغان، سۇ يوق جېردەن رىزىق ئىزلى، دېگەن ئېدىك، ئېندى بىزدە قاۋۇن ئېگەر ئېدىك، رۇخسەت قىلماگىز» دېپ، ئالاردا مەڭلىك ئاخۇن بىلەن يولداش بولالار. كىشىلەر كۆبەيگەچ ئاقىللىلارى: بۇ جېرنىڭ سۇۋونى بىيك تۆبەن بولماسا كېرەك، دېپ كارىز قازالار. ھەزىر بۇ گۈمبەزنىڭ دۆرت تارافىندا كارىز بولىپ، قىرىق ئۈچ ئۆيلى كىشى ئۆشى جېرگە ئورنىلاشىپ بىر كىچكەنەرەك ئاۋىل قۇرغانلار. قاۋۇنى بىيك لەززەتلى شېرىن ئېكەن. ئاشاساغىز شېكەر كىبى قىرسىلداپ تۇرا. ئورنى تۇرفاننىڭ جەنۇپ تارافىندا بولىپ، ئانىڭ ئارىياغى چۆل تاۋ دېلەر. ئاندان جىگىرمە كۈنلىك يىراقتا لوپ سۇۋى بار. خالقى كۈچىپ - قونىپ يۇرەلەر. شەرىق تارافى قۇم تاۋ. ئاندان ئون بىش كۈن يۇرگەندە سۇچۇ شەھەرىنە بارا. بۇ ئېيكى ئارادا ھېيچ بىر ئادام ياكى خايۋان يوق، چۆپسىز - سۇسىز قۇرقىنچلى چۆل دېپ ئەيتەلەر، بەلكى شولايدىر.

## تەسبىغ تاش

قارا ساقال خوجا مازارىنى زىيارات قىلىپ بارغاندىمىز-
دا، دىغارنىڭ ئاق تاشلارى بار ئول تەسبىغ تاش ئاتا-
لىپ، مەشھور دىر دىدىلەر. ئانى ھەر تۆرلى مۆبالىغە
ماقتاۋلار بىلەن سۆيلەگەنلىكلەرىندەن، ئول جىرگە
بارىپ كۆزىمىز بىلەن كۆرىرگە تىلەدىك. شەيىخنىڭ
ئوغلى بىلەن ئىشەگىنى ياللاپ ئالىپ، يولداشىم خاجى
ئىسماغىل ئەفەندى بىلەن ئاق تاش چىغا تۆرغان جىر-
گە كىتتىك. يوغاردا ئەيتىلگەن چۆل تاۋ بىلەن قۆم
تاۋنىڭ قوشىلغان جىرىندە بىر ۋادى يەغنى سايلىق
ئورىندان تاۋىپ تەبەرۆك ۋە بۆلەك ئۆچىن بىر قانچ
تاش ئالدىق. كىشىلەرنىڭ ئەيتىۋىنچە بۆ تاشلار ھەر
ۋاقت بىر ئورىندان تابىلمي ئىكەن. بىر ئورىندان ئى-
كىنچى ئورىنغا جىل كۆچى بىلەنمى كۆچىپ تۆرا ئى-
مىش. ئەۋۋەلگى ئورىنىن قوم باسىپ ئىكىنچى ئورىندا
ئاچىلىپ تەقدىر بويىنچە بۆ يىل بۆ جىردەن تابىلسا،
ئىكىنچى يىلى ئول جىردەن تابىلمي، باشقا جىردەن
چىغا ئىمىش. شۆنىڭ ئۆچىندە تاش ئىزلەب بارۆچىلار
دۆرت-بىش كۆن ئىزلەسەلەردە تابالمي قايتار ئىمىش.
يەنە ياز كۆنلەرى ئىسسىق ھاۋادا زور تاشلار يارىلىپ-
ئاتىلىپ كىچكەنە پارچالار ئاسماندان تۆشكەن مۆز بور-
چاقلارىنداي ياۋار، دىيىپ سۆيلىلەر. بۆل سۆز غاقىلغا
يىراق بولسادا «راس شولاي» دىيىپ ئەيتەلەر. يەنە ئانى

دۆلدۆلنىڭ كۆز يەشى دېۋچىلەردە بار. بۇ تاشلارنىڭ
خاسىيەتى شۇكى، سىز دانىسىز ئۆيدە ساقلىسا،
پاكى تۇمار قىلىپ بويىنغا ئاسا، ئۇل كىشىگە بەلە يول-
قىمىي، خاتىن كىشى چەچىنە تاقىسا ئىنسافى كۆچلى
بولا، بالا تۇغاردا ئاياغىنا بەيلەسە ئوڭاي بوشانا، دېيىپ
ئىشانالار. مۇندان باشقادا خاسىيەتلەرى كۆپ ئىمىش،
بارلىقىندا يازىۋ خاجەتسىز. بۇ تاشلارنىڭ چىقىغا تۇرغان
ئورنى قۇم تاۋ ۋاداسىنىڭ بىر بۆلىكىندە. بۇ قۇم تاۋ
بۇرۇنقى زاماندا گۆللەنگەن جەر بولىپ، ئاندا توغىز
زور شەھەر بولغان. ئاللانىڭ غەزەبى بىلەن بارلىقىدا
قۇم ئاستىندا قالىپ يوغالغان. ئەگەر شول شەھەرلەر-
نىڭ ئورنىدا تۈندە بارىپ قونساڭىز، ئادام تاۋشى،
ئېشەك تاۋشى، ئەتەچ قىچرىۋى شىكىللى تاۋشلار ئېش-
تىلىپ، كىشىنى قوقتارمىش. بۇ سۆزلەر چىن بولسا
ئېھتىمال ئاندا جىن-شايتانلار ئورنىن تۇتقان دېيلەر.
بۇ سۆزلەرگە قاراپ، شوندېي غەجايىپلارنى تۈشىنمەك
ئۈچۈن، يولداشىم خاجى ئىسماغىل ئەفەندى قايتا-قايتا
مىينى بارىرغا زورلاسادا، ئۇل جىيردە قورقىنچلى قۇم
بورانلارى بولغانلىقىندان بارغان كىشىلەر يوغالىپ كى-
تىشى خەۋفى بولا، دېگەن سۆزلەردەن قورقىپ بارالما-
دىق. بۇ يولى ئۇشى بىلگەنلەرىمىزگە قەنەغەت قىلىپ:
سەلامەت بولساق كىلەچەكتە «جىيدى قىز» دېگەن ئور-
نىنى ھەم بۇ شىكىللى غەجەيىپلەرنى زىيارەت ساياھەت
قىلارمىز. بارلىقىن بىر يولدا بىتىرىپ قايتساق ئىيكىنچى
كىيلۈگە سىلتاۋ قالماس، — دېيىپ يولداشىمنىڭ كۆڭلىن

ئەرەن تىندىرىپ سەفەرىمىزدەن قايتدىق.

يوغاردا يازىلغان چار دىگەن جىيردەن ئارغى جىيرلەرنىڭ بارلىغى كارىز بولۇپ، ئاغىن سۇ فەقەت ئاستانا، لۈكچۈن ۋە باغىرداغىنىلا ئىكەن. كارىز سۇلارى ئەۋۋەلدە سايازدان چىقا ئىيكەن، بارا-بارا تىيرەنلەپ كىيتكەن. بۇنى خەزىرەتى ئاففاق خوجامنىڭ دۇغاسىنا كىيتكەن دىيەر. خەزىرەتى «ئاففاق خوجا غەلەيە رەخمەتۇللۇۋاھاپ بالاتەفاق ئەۋلىيائى ئاللا» (مەغنەسى: خۇداي رەخمەت قىلغىر ئاففاق خوجانى كۆپچىلىك ئاللانىڭ ئەۋلىيەلەرىندەن دىيىپ تانىيلار) ئالتى شەھەر ئاھالەسى شەيىخ، ئۇستازلار ھەم بارلىق خالقى ئاڭا مۇرىد ۋە ئىيخلاسمەن بولغانىڭ سىرتىندا ئانىڭ پادىشاھلىق مەرتەبەسىدە بار. ئۇل قۇمۇل شەھەرىنەچە ئىييەلەپ، خۇكۇمىنى يۈرگىزىپ تۇرغان. بىر ۋاقىت تۇرفان شەھەرىنە كىيلىپ تۇرفاندا، ئاندا ئىيگىن سالدىرىپ، بىر كۈنى ئىگىنلەرىنى سۇغارماق ئۈچۈن، بىر شەكىرتىنى كىيتمەن بىيرىپ سۇ ئاچارغا چىبەرە. ئىيگىنچىلەر ئاڭا سۇ بىيرمەي، شەكىرتىنى ئۇرۇپ، قوۋلاپ چىبەرە. ئاففاق خوجا رەنجىپ، بۇلارنىڭ مىيھنەتى ئاۋىر بولسىن ئۈچۈن: «بۇ جىيرنىڭ ئاستى كۆل، ئۈستى چۆل بولسىن» دىيىپ قارغاغانلىقدان كارىز سۇلارى تۆبەنلەپ كىيتكەن. خەزىر تىيرەنلىگى ئوتتىز-قىرىق قولاچ قازىلغان كارىزلار بار دىيەر.

تۇرفان دائىرەسى بارلىغى بىيش بۆلەككە بۆلىنە: بىرىسى-تۇرفاننىڭ ئۆزى. ئىيكىنچى لۈكچۈن، ئۈچىنچى توقسۇن، دۆرتىنچى ئاستانا، مۇرتۇق، سىينگىم، بىيشىن

چىسى تۇيۇق، پاكىخي، خامدۇ (خاندۇ)، لەمجىن، پىچان
ـنۇ باشىدىر. بۇ يىش تۆبەدە ئۈچ يۈزدەن كۆپرەك
مەسچىت بار دىيەلەر. بارلىق كۆلەمى ئۇزۇنغا ۋە تۇراسىـ
نا تەخمىنەن يۈز، ئىكى يۈز مىل بولىدۇ. «ۋالىلاھۇ
ئەغلەم بىكامالە ۋە بىيكۈنىھۇ ۋە تەمام» (مەغنەسى:
«ئانىڭغا ئاللا بىلەدى»). ئىندى مىن ئۇشمۇنچىلىق بىر
باشلانغىچ يازدىم. بىرقانچە ئەفسانەلەر بولسادا، فەھىمـ
سىزلەرگە تۇرلىچە كۆرلىسەدە، ئاقىل ئىيەلەرىنە تۇشىـ
نىكلى، لەكىن بۇ خىكايەلەرنى ئەسخاب كەھفىنىڭ ئەخۋەـ
للەرىنى يازغانىمىزغا تۇرالماق ئۈچىن شول جىيرلەرنى
كۆردىڭ. چۈنكى ئىشتكەندەن، كۆرگەن ياخشى ئىيمەسمى!
«ۋاللاھۇ ئەئلەم بىھالىھى بىسامامەزا ۋە مائەلە ئەسخاب
كەھىق رەخمەھۇللاھۇ تەئەلە ۋە رازىيالىلاھۇ ئەنھۇم»
(مەغنەسى: «بۇ ئۆتمىش ئەخۋەللەرنى ئاللا ئۆزى
بىلەدى. خۇدانىڭ رەخمەتىنە ئىرىشىپ ئاللا رازى بولغىر
ئەسخاب كەھف خەزرەتلەرنى ساياخەت قىلىۋ مۇناسىبەتى
بىلەن) يۇركەن جيرلەر ۋە كۆرگەن شەھەرلەر، سايا-
خەت قىلىنغان ئەۋلىيەلەر مازارلارى خەقىندە ئىشىتكەن
رىۋايەتلەرنىڭ بارلىغى ئوشىنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى:
«ئاللاھۇممە ئەنتىۇرنا ۋە جەمىھۇ مەن نەسەرۇنا ئاللاـ
ھۇممە ئەئنەنە ۋە ئەلا ئىئانەنا. ئىننەكە ناسىرۇن ۋە
مۇئىنۇن ۋەلا نەستەئىمىن بىغەيرىكە ياائاللا» (مەغنەسى:
«ئي ئاللا بارلىق نۇسرەت تابىۇچىلار قاتارىندا مىڭا
نۇسرەت بىر، ئي ئاللا بارلىق ياردەمىگەدەن مىڭادا
ياردەم قىل. سىن ئەلبەتتە نۇسرەت بىرۈچىنىڭ ياردەم

بىرۆچىسىنىڭ سىندەن باشقا ياردەمچى يوق. مىن سىندەن باشقا هىچ بىر شەيئىدەن ياردەم تىلەمەيمەن، ئى ئاللا سىن هەممەدەن مىهەربان سىڭ سىن»).

## ئىكىنچى بۆلىم

بۇ بۆلىمدە چىن مەملىكەتى خۆكۆمرانلىغىنداغى دۇنگەن خالقىنىڭ ئىسلام دىنىنە كىرۆلەرى، ئوشى غەسىرەگى پادىشاهلارىنا قارشىلىق قىلىپ سۆغىش ئاچقان ۋاقىغەلەرنى ئەيتىرگە كىرىشەمىز. چۆكى كىتابىمىزنىڭ باشىندا يازامىن دىگەن ۋەغدەمىز بوش سۆز بولىپ قالماسىن.

گەرچە بۇ خىكايە بۆرۆندا بىر تالاي كىشىلەردەن ئىشتىلىپ كىلىنگەن بولسادا، غالىملەرنىڭ سۆزى باشقالارغا قاراغاندا ئاساس كىبى بولغانلىقدان، كىتابىمىزنىڭ باشىندا ئەيتىلگەن دۆب ئاخۇن سۆزلەرىندە يازىلغان ئىدى. بۇ كىشى دۇنگەنلەرنىڭ مۆدەررىسى ئىكەنلىگىندە ئەيتىلگەن ئىدى.

ئانىڭ سۆزىندە - چىن مەملەكەتى ئون سىككىز سىڭدان غىبارەت بىر ئانىغا خۆكۆمىندەگى. دۇنگەن قەبىلەسى خىتايچە «خۇي خۇي» دىپ ئاتالا. بۇلار ئىككىگە بۆلىنەر، بىرىسىن ئىگىزگىلەر. يەنە بىرىسىنى سەمەرقەنلىكلەر دىلەر. سىڭ - ئۆلكەنىڭ ئاتالمىشى بولىپ، بىرسىنگى نىچە گوبىرنا (ۋىلايەت) لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالا. ئىك بۆرۆندا ئىسلامغا كىرگەن خاننىڭ ئىسمى تالغۇاڭ،

پايتەختى شانچىن شەھەرى، ئوش، شانچىن ۋىلايىتىدە ئۈچ ئەزىزنىڭ زىيارەتگاھى بار دېيەر. بىرسىنىڭ ئىسمى ۋەيس، ئىككىنچىسى قەيس، ئۈچىنچىسى ۋاڭگازى، دېيىپ ئاتالادىر.

دۇنگەنلەرنىڭ باشتا ئىسلامغا كىرگەنلەرىنى تۆۋەندەكىچە سۆيلىلەر: پايتەخت بولغان شانچىن شەھەرىندە ئاق ۋاڭ ئىسمىندە ئاۋاننىڭ خانى بىيك ئەدالەتلى بولىپ، زامانىسىندا مەشھۇر ئىكەن. كۈنلەردەن بىر كۈنى يۇقلاپ تۈش كۆرە، تۈشىندە ئاقساللى، بىيك نۇرلى مالايلى، يارقىن يۈزلى، باشىندا ئاق چالما، ئۈستىندە يەشىل چاپان، بىر قولىندا تەسبىخ، ئىككىنچى قولىندا تاياغى، باشىنا كۆتەرگەن بوقچاسى بار. بارلىق تەخۋەل پادىشاھنىڭ ئوياۋ ۋاقتىنداغىنىڭ تېسكەرىسىنچە كېلەدە پادىشاھ بىلەن كۆرشە. ئارادا سۆخبەت باشلانا، ئۆتكەن زامانلاردان كۆپ خىكايەتلەر سۆيلەنە، ئېڭ ئاخىردا جاناب رەسۇل ئەكرەم سالاللاھۇ تەغەلە غەلەيھى ۋەسەللەم خەزرەتلەرىنىڭ پەيغەمبەرلىگى ۋە سىفاتلارنى تۇرسىندا ئەيتكەندەن سوڭ، ۋافات بولغانلىغىنى ۋە ئانىڭ ئۈممەتلەرىنىڭ خەلىلەرى، غەمەللەرى ھەم ئاللا ئالدىندا قەدىرلى بەندەلەر ئىكەنلىگى تۇرىندا كۆپ مىسالار سۆيلى. ئىسلام دىنىنىڭ راسلىغىندان خەبەر بېرىپ: — ئەي ئوغىل ئاتا - بابالارىڭ بارلىغىندا قاراڭغىلىقتا قالىپ، ئازغىنا كۈن دۇنيا رەختىن كۆرسەدە، ئاخىرەتتە ئازاپتا قالدىلار. سېن بولساڭ ئەدىللىكتە باشقالاردان ئارتىق، ئەخلاقىڭ مۇسۇلمانلىققا لايىق كىش

سىلىڭ. سېنى ئاخىرەتتە ئازاپلانارمى دەپ خەۋپلىنىپ
نەسىھەت قىلامسەن. ئاتا - بابالىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ،
ئالارنىڭ يولىدىن قايتت. ئۇشى بۇقچادىغى نەرسە قۇر-
ئەن ئاللانىڭ سۆزى، ئول ئاخىر زامان پەيغەمبەرى
مۇھەممەد مۇستافا سالاللاھۇ تەئەلەئەلەيھى ۋە سەل-
لەمگە ئاللا تائالادىن بېرىلگەندۇر. شول پەيغەمبەرگە
ئىمان كەلتۈر. ئۇشى كىتاب بويىنچە ئىش قىل. شۇندا-
غىنا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە راھەتتە بولاسىلىڭ، دەپ يۇم-
شاق سۆزلەر بىلەن ۋەئىز ئەيتىپ كۆڭلىنى ئوياتىپ،
ئۈستىدىكى چاپان، باشىدىكى چالما، تاياغىنى، تەسبى-
غىنى بوقچا ئىچىدىكى كالام شەرىف پارچاسىنى بېرىپ
چىقىپ كېتكەنمىش. شول ۋاقىتتا ئىشىكتىن يەنە بىر
كىشى كىرەدە: «ئەي بالا! سېنىڭا كېلىپ نەسىھەت قىلغان
كىشى كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن» دەپ سوردى. پادىشاھ:
— بىلمەيمەن، دېگەندە بۇ كىشى سۆزگە كىرىشىپ: «ئول
كېلگەن كىشى سېنى ئاتا - باباڭنىڭ دىنىدىن چىقارىپ
باشقا يولغا تۈشىرىپ دەۋلەتىڭنى تۈزدۈرماقچى بولىپ
يۈرگەن دۈشمان. ئانىڭ سۆزىگە ئالدانما، دىنىڭنى بۇزما،
ئاتا - باباڭ شۇنچە زاماندىن بېرى خۆكۈمەت ئۆتىپ
پادىشاھلىق قۇرۇپتۇ، دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرۈپ، مۇنچە
مەملىكەتلەرنى باشقارىپ كەلگەن. ئالارنىڭ ئاقىلى سېن-
دىن ئازمى؟ ئەگەر سېن ئول كىشىنىڭ سۆزىنى كىرىپ
دىنىڭنى ئۆزگەرتسەڭ، خالقىڭ سېنىڭا قارشى چىقىپ ئۆزى-
ڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بالالارىڭنىڭدا خالىق ئالدىدا

قەدىرى قالماس»، دېپ تىرىس يولغا باشلاپ ئاژدىرۇچى
سۆزلەرنى ئەيتەدە غايىپ بولا.

